# قەشقەر شائىرلىرى

پىلانلىغۇچىلار: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
پولات ھېۋزۇللا

تەھرىر ھەيئەتلەر: (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەت ئىمىن، ئەركىن نۇر، ئەزىزى، ئەكبەر سالىھ، بوغدا ئابدۇللا، دۇەن جىيۇەن، پولات ھېۋزۇللا، مۇختار مەخسۇت، مۇرات مەتنىياز، ئىمىن ئەھمىدى، ھەبىبۇللا مۇھەممەت

ئۈرۈمچى

2000 - يىلى

# قەشقەردىكى يەر شارى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

喀什的地球:维吾尔文/乌鲁木齐作家协会,《天尔塔格》文学期刊编辑部主编。—乌鲁木齐:新疆人民出版社,1999.11
ISBN7—228—05521—7

Ⅰ.喀... Ⅱ.①乌... ②天... Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 68958 号

责任编辑:艾合买提.伊敏
责任校对:海里且木.阿布里米提
艾比布拉.艾力
装帧设计:艾克拜尔.萨里

*

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 10.875 印张 4 插页
2000 年 12 月第 1 版 2000 年 12 月第 1 次印刷
印数:1—3,000

---

ISBN7—228—05521—7/I.2079 定价:22.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورىپكتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ........................ 1
كىرىش سۆز ........................ 1

ئابابەكرى توختى
جىمجىتلىق ........................ 1

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا
قىسمەتلىرىم ........................ 2

ئابدۇرېشىت ئېلى
ئىككى شېئىر ........................ 7

ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئىككى شېئىر ........................ 9

ئابدۇكېرىم ناسىر
ئۈچ شېئىر ........................ 18

ئابدۇللا جامال
سۆيگۈ ........................ 22

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم
ئىككى شېئىر ........................ 25

ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى
شېئىرلار ........................ 28

ئابلاجان مۇسا

بىر تال يوپۇرماق .................... 34

ئابلىز ئوسمان

يىراق شەھەرگە خەت .................... 35

ئابلىكىم ھەسەن

يەتتىمنچى قەۋەت، بويتاق .................... 36

ئابلىمىت ئابدۇلباقى

خوش قال، دوقمۇش .................... 38

ئادىل تۇنىياز

قەشقەردىكى يەر شارى .................... 40

ئالىمجان ئازات

تىپتىنىچ سەيلىگاھ، باغنىڭ ھۇسنىدە ........ 50

ئالىمجان ياسىن

يوچۇن شەھەر خاتىرىسى .................... 52

ئايىپەك ئۆمەر

ئىلگىرى بۇ جايدا ئاققان بىر دەريا ............ 54

ئەخمەتجان ئوسمان

شېئىرلار .................... 55

ئەركىن ئەبەيدۇللا

بوۋام .................................... 80

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەركىن ئىبراھىم
ئىككى شېئىر ........ 81
ئەركىن مۇھەممەت كامالى
يۈرىكىمىز يىغلايدۇ ئۆكسۈپ ........ 85
ئەركىن نۇر
چۈش ئارىلى ........ 87
ئەزىزى
ئىككى شېئىر ........ 102
ئەسقەر داۋۇت
ئىككى شېئىر ........ 111
ئەسقەر ياسىن
ئۈچ شېئىر ........ 113
ئەكبەر داۋۇت تەنھايى
ئىككى شېئىر ........ 116
ئەكبەر سالىھ
چارچاش ........ 118
ئەكبەر نىياز پەتتارى
كىم ئۇ تۇرغان چېچىمنى سىلاپ ........ 120
ئەكرەم ئابدۇمجىت
ياپراق ناخشىسى ........ 122

**ئەمەتجان قۇربان**

ئۆزۈمگە دىئاگنوز ........................ 123

**ئەنۋەر ئەخمەت**

ئىككى شېئىر ........................ 125

**ئەيساجان تۇردى ئاچچىق**

نېگىر دوستۇمغا خەت ........................ 131

**باتۇر روزى**

ئايسىز ئايدىڭ ........................ 132

**بەگمەت يۇسۇپ**

بۆرە ئەرۋاھى ناخشىسى ........................ 139

**بوغدا ئابدۇللا**

سالغا تېشى ........................ 140

**پاشاگۈل ئىسمايىل**

ۋىسال پەيتى ........................ 158

**پەرھات تۇرسۇن**

ئىككى شېئىر ........................ 159

**پەرھات ئىلياس**

شېئىرلار ........................ 161

**پولات ھېۋزۇللا**

شېئىرلار ........................ 165

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاھىر ھامۇت

ئىككى شېئىر ........................ 171

تەلئەت قادىرى

روھ كۆلەڭگىسى ........................ 176

تۇراخان توختى

كۆلۈپ كەتتى گۈللەر پورەكلەپ ................ 177

تۇرا ئوبۇل

ئىككى شېئىر ........................ 180

تۇرسۇننىياز توختى

قۇشلار كۈيى ........................ 182

تۇرسۇنجان ھاشىمى

مۇقام ................................ 184

تۇرغۇن تۇرسۇن

ئۈچ شېئىر ............................ 185

جاسارەت تاش

بىر ئائىلىنىڭ تەزكىرىسى .................. 189

جېلىل خېلىل

ئۈچ شېئىر ............................ 190

چىمەنگۈل ئاۋۇت

بەش بىلەن يەتتىنىڭ ئارىلىقى ................ 198

دىلمۇرات تەلئەت

شېئىرلار ........................203

رىسالەت مەردان

ئىككى شېئىر........................210

زامانىدىن پاكزات

يىگىناغۇچ قانىتى ........................213

زاھىر ئابدۇراخمان

ئىككى شېئىر ........................217

زۆھرەگۈل ئەخەت

ئۈچ شېئىر ........................221

غالىپ راخمان

قار ياغماقتا لەپىلدەپ، ئاق قار................224

غەيرەت غوپۇر

قىتئەلەر ........................225

غۇجىمۇھەممەت مۇھەممەت

ۋاز كېچىش ........................231

قەھرىمان روزى

ئىككى شېئىر ........................232

قەيسەر تۇرسۇن

ئىككى شېئىر ........................235

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇدرەت قۇربان

چۈشۈن ....... 237

كېرىمجان سۇلايمان

تاش ئادەم ....... 239

مۇتەللىپ مەڭسۇر

تاش چېچىكى ....... 241

مۇختار مەخسۇت

شېئىرلار ....... 242

مۇسا ئەھەد

شېئىرلار ....... 248

مۇھەممەتجان ئەمەت

ئىككى شېئىر ....... 251

مۇھەممەدسالىھ مەتروزى

ئېسىڭگە ئەپباقساڭ چۈشتەكلا كەچمىش ..... 253

نۇرمۇھەممەت ھاشىم

مۇھەببەت بىر پىچاق ....... 254

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

قىز ....... 255

ھاجى قۇتلۇق قادىرى

ئىككى شېئىر ....... 257

هاياتنوپۇس مۇھەممەت

ئىككى شېئىر ........................ 258

ھەبىبۇللا رەجەپ

يالاڭ ئاياغ، كەزدىم قۇملۇقنى ................ 261

ھەسەنجان بوساق

ئىككى شېئىر ........................ 262

ئوسمانجان ساۋۇت

شېئىرلار ............................ 265

ئوسمان زاھىر

ئۈچ شېئىر .......................... 273

ئۆمەرجان سدىق (مىسكىن)

ئۈچ شېئىر .......................... 278

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

شېئىر دەۋرى ........................ 282

ۋاھىتجان ئوسمان

ئىككى شېئىر ........................ 288

ئىبراھىم نىياز

ئىككى شېئىر ........................ 290

ئىلغارجان سادىق

شېئىرلار ............................ 292

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلھامجان ئابلىز

كىچە كۆيلىرى ........................ 295

ئىمىن ئەھمىدى

لىرىكىلار ................................ 297

ياسىنجان ئەمەت

ئىككى شېئىر.............................317

يالقۇن ئەزىزى

دوسكا ۋە قىز ............................ 320

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

### زامانىۋى مەدەنىيەت قەسىرىدىكى
### كولدۇرما ئاۋازى

جۇڭگو خەرىتىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە قارىسىڭىز زور گەۋدىنى تەشكىل قىلغان بىر جاي بار. ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى. دۇنيا تارىخىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگو تارىخىنىڭ قاتمۇ قات رىشتى بۇ رايونغا شۇنداق باغلانغانكى، بىز بۇ تارىخنى كەينىگە قايتۇرۇپ ۋاراقلىغانسېرى مەدەنىيەتكە دائىر ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى بايقايمىز. بۇ يەردە ئىران، يۇنان، ھىندىستان مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى يەرلىك تۇران مەدەنىيىتى ئاساسىدا تەرەققىياتنىڭ يېڭى لىنىيىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ يەردە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى قىتئەلەرگە ئايرىپ تۇرۇۋاتقان شامان دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى شۇنداقلا ئاز - تولا خرىستىئان دىنى ئامىللىرىنىڭ مۇجەسسىمى بار. بۇ يەردە مەڭگۈلۈك چىڭقى چۈش. قۇياش ئەڭ سەممىي نۇرلىرىنى بۇ يەرگە بەخش ئېتىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قوقاستەك قىزىپ كەتكەن زېمىنغا دەسسەپ يورۇپ بەدەنلىرىنى مىس رەڭدە تاۋلايدۇ. ئۇلارنىڭ بىپايان قاغجىراپ كەتكەن لەۋلىرىدىن كەۋسەردەك سەگتمە ناخشىلار ئۇرغۇپ چىقىپ كۆڭۈل ۋادىسىدا باراقسان بوستانلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى خۇددى يازغۇچى ۋاڭ مېڭ تەسۋىرلىگەندەك سادda، ئاق كۆڭۈل، ھېسسىياتچان ۋە يۇمۇرلۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ ساددىلىقىدا پەيلاسوپلارغا خاس چوڭقۇرلۇق بار. ۋاڭ مېڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىل ئۇسلۇبىغا بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شوخ ۋە بەڭۋاش گېنلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ يەردە شۇنداق بىر روھىي كامالەت بار. بۇ كامالەت نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاش ھېكمەتلىك كۈلەيدىغان كومېدىيىلىك ئوبرازنى ياراتقان. بۇ كومېدىيىلىك ئوبرازنىڭ ئەكسىچە بولغان يەنە بىر سەنئەت مۆجىزىسى بار، ئۇ بولسىمۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ زور مۇزىكىلىق داستان ئۇيغۇر 12 مۇقامى. ئۇيغۇرلار ھايات، ئالەم ۋە ئىلاھ بىلەن بولغان سىرلىق دىئاگنوز ۋە دىئالوگنىڭ قاتلىمىدىن ئوخچۇپ چىققان مەنە فونتانلىرىنى مۇزىكا رەۋىشىدە ئىزھار قىلىدۇ. بۇ مۇزىكىلاردا مۇنداق بىر مۇڭ باركى، بۇ مۇڭ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ھاياتنىڭ كوچىلىرىدا ئېزىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ چۈشكۈنلۈكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە پانىي ھاياتتىن ھالقىشتىن كېيىنكى ئىلاھىي ماكاننىڭ چەكسىزلىكىدە تونۇلغان ھەيرانلىق، ئىزتىراپ، بىلىشكە بولغان تەشنالىق، ئالەم روھىي ئىلكىدىكى لاماكانلىق بار.

ئۇزاق مەزگىللىك قاتماللىقتىن كېيىنكى بىردىنبىر تاللاش ئەلۋەتتە ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە، جۈملىدىن شېئىرىيەت ساھەسىدە بىر دولقۇننى شەكىللەندۇردى. ئۇنىڭ ئىسسىق بورانلىرى گويا تۇرمۇشتا يوق نەرسىلەرنى غۇۋا قىلىپ دەپ بېرىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى سىرتقى ھادىسىلەرگە تەدبىقلىغاندا ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىنساننىڭ روھىي ھادىسىلىرىگە شۇنچە يېقىن.

مەملىكەت مىقياسىدا « گۇڭگا شېئىرلار » بارلىققا كەلگەندە، بۇ ھەقتە قىزغىن بەس - مۇنازىرە بولۇۋاتقاندا ئۇيغۇرلاردىمۇ شېئىرىيەت

ھەرىكىتى باشلاندى. ياش شائىرلار ئالدى بىلەن شېئىرنى ساختا بوْرچكارلىقتىن ئازاد قىلدى. ئۇلار شېئىرنى پاك ئادىمىي خاسلىق سۈپىتىدە تونۇدى: شېئىر بىر قاتار قائىدە - نىزاملارنىڭ يىغىندىسى ياكى قانداقتۇر بىر ئىجتىمائىي نوپۇزنىڭ بېقىندىسى ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى سېزىش قۇدرىتى، بۇنداق سېزىش مۇئەييەن مۇھىتنى شەرت قىلغان ھالدا يۈز بېرىدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىشتى. باشقىلار تارىخىي ئۆيلىنىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولسا، ئۇيغۇر شائىرلىرى مىللىي ئەپسانىلەرنىڭ دۇنياۋى مەنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى نىشان قىلدى. چۈنكى ئىنساننىڭ قابىلىيەت بايلىقىنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قېزىپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان كېيىنكى سانائەت دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى تېرىمنى ئاساس قىلغان دېھقان مىللىتى سۈپىتىدە ياشاۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پوئېتىك تەپەككۇر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ خەلقنىڭ مىجەزىدە، تىلىدا، ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادىتىدە قويۇق شائىرانە قاننىڭ ئىسسىق ھىدى ئۆرلەپ تۇرىدۇ. سانائەتنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ۋە بۇلغىنىشلىرى قاپلىغان، كۆيگەن نېفىت گازى پۇراپ كەتكەن ھاۋادا بۇ خەلقتىن يەنىلا تۇپراق، ئۆسۈملۈك پۇراپ تۇرىدۇ. مانا بۇ شېئىر قاغجىراۋاتقان دۇنيادىكى ساپ شېئىر. T.S ئېلىئوت ئۆز ئەسەرلىرىدە سۈرەتلىگەن باياۋان بۈگۈنكى دۇنيادا ئاپەت خاراكتېرلىك كېڭەيدى، شېئىر ۋەتىنى تارايدى. شېئىر بۈگۈنكى شارائىتتا كىشىلەرنىڭ قېنى ۋە مىجەزىدىكى جەۋھەر ئەمەس، ئەكسىچە ماھارەتكە ئايلاندى. شۇڭلاشقا، دۇنيا بۇ خەلقنى سەزمىدى. ئېغىر تەنھالىق بۇ خەلقنى

شېئىرنى، مۇزىكىنى، شارابنى، خۇدانى سۆيۈشكە ئۆگەتتى. بارغانسېرى ئىچ مىجەز بولۇپ كەتكەن بۇ خەلق ئالەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۆز زىددىيەتلىرىنىڭ ئىچكى تاناسىپلىقى ئارقىلىق چۈشىنىدىغان بولدى. ئۇلار پاكىز قەلبىنىڭ ئەڭ خىلۋەت ئىچىگە چېكىنىۋەرگەچكە، ئۆزىنىڭ پايانىنى ئالەمگە باراۋەر ھېس قىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇر شېئىرىيەت دۇنياسى تېخى ھېچكىم بايقىمىغان يېگانە ئارال. بۇ ئارال روبىنزون كرۇزوغا ئۇچراپ قالغان ھېلىقى ياۋايىلار ئارىلىغا ئوخشمايدۇ. بۇ يەردە مىللىي خاسلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان پارلاق مەدەنىيەت ۋە شېئىرىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق سۇلالىسى بار. قولىڭىزدىكى بۇ توپلام بوگۇنكى ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ دېڭىزدىن ئىرغىپ چىققان بىر چاڭگال سەدەپ، ئۇنى بىر پۈتۈن مىللىي شېئىرىيەتنىڭ بالاغىتى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى تارىختىكى بىر قانچە قېتىملىق بالاغەتنى تەكرارلاشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە تونۇسىڭىز بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى ، بۇ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى پەللىسىنى، شۇنداقلا ئىچكى ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجادىي شىجائىتىنى نامايان قىلىدىغان بىر توپلامدۇر. بىز بۇ توپلامدىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پاراتتىن ئۆتكۈزۈلۈشىنى ئەمەس، بەلكى بىر ئەۋلاد ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ يېتىلىۋاتقان پاراستى ۋە بەدىئىي تالانتى ئارقىلىق جۇڭگو شېئىرىيەت پىرامىداسىنى تىكلەشكە ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بېيىتىشقا ئۆزىنى بېغىشلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز . ماددىي موھتاجلىقنىڭ ھەلەكچىلىكى مەنىۋى ئىنتىلىشلەرنى

سوسىيالىستىك تۈزۈم ئورناتقان بۇ تاۋار ئىگىلىكى دەۋرىدە، ئەدەبىيات بىلەن تەقدىرداش ياشاۋاتقان بۇ بىر تۈركۈم ئۈمىدۋار قەلەم ئىگىلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ نېسىپ بولۇشى كىشىنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىدۇ، ئىشىنىمىزكى، سىز بۇ توپلامنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، « قەدىمىي شېئىر مىللىتىدىن بىر تۈركۈم زامانىۋى شائىرلار چىقىپتۇ» دېگەن رېئاللىقنى رازىمەنلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىسىز. « شېئىرىي مىللەت » دېگەن تەرىپ بىلەن پەخىرلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئۆتمۈشلۈك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا سەنئەتنى ئۆزىنىڭ ياشاش شەكلى، ئالىي نىشانى ۋە ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بىلىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ھالبۇكى، 60، 70 - يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى دەۋرىدە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى جۈملىدىن ئەدەبىياتى دۇچ كەلگەن قىيامەتلىك تەقدىرگە مەھكۇم بولۇپ، سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتلەردىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى. شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، قاتاللىق ۋە شەكىلۋازلىق ئىللەتلىرى ئەزەلدىن شېئىرىيەتنى سۆيۈپ كەلگەن خەلقنى بىزار قىلىپ، ھەتتا شېئىرىيەتتىن سەسكىنىش دەرىجىسىگە يەتكۈزدى. بەلكىم بۇ پۈتكۈل جۈملىدىن شېئىرىيىتىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بىر قارا كۆلەڭگىدۇر.

80 - يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن توقايلىق يولىغا تۈنجى قېتىم تەنقىدىي نەزەر بىلەن قايرىلىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلدى. چەت ئەل ھازىرقى ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى بىلەن ئاچچىق تولغاق ئازابىنى يەۋاتقان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى كۈچلۈك لەرزىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم ياش

شائىرلارنىڭ مىللىي ئاڭ بىلەن زامانىۋى ئۇسلۇبنى بىرلەشتۈرۈپ ئىلىپ بارغان دادىل سىناق - ئىزلىنىشلىرى تەپەككۇر ئادىتى، بەدىئىي غايە، شېئىرىي مەنبە، شېئىرىي مەقسەت، شېئىرىي قۇرۇلما، تىل شەكلى ۋە ئادىتى، ھېسسىي ئوبراز، ئىچكى رىتىم قاتارلىق جەھەتلەردە مەۋجۇت شېئىرىي تەرتىپكە نىسبەتەن كۈچلۈك ئاسىيلىق روھىنى ئىپادىلەپ، ئالدىنقى شائىرلارنىڭ بەدىئىي پاسسىپلىقىنى قاڭقىپ چىقتى. بىز بۇنىڭدىن ھېچبولمىغاندا، ھەقىقىي شېئىرنىڭ ئۆزىگە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق.

ئۇيغۇر مەنىۋىيەت قاتلىمىدىكى ئويغىنىۋاتقان ئىستېتىك ئاڭ بەخش ئەتكەن كۈچلۈك ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنىڭ سەمەرىسى بولغان بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇيغۇر شائىرلىرى ئەمدى ئابستراكت چۈشەنچە، تەييار سىياسىي ئۇقۇم، مەشىقى يەكۈنلەرنى شەرھلەش، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى مېخانىك تۇستە كۆچۈرۈپ قويۇشتىن، ئىچكى دۇنيانى ئىپادىلەشكە، قەلبىنىڭ پىچىرلىشىغا ھەم ھايات ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا تېخىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولدى. ئۇلار دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، سەمىمىي پوزىتسىيە ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي نەزەر بىلەن مىللىي مەدەنىيەت تىنىدۇرمىسىدىكى ئەجدادلار روھىنىڭ ئويغىنىش ئىستىكىنى نامايان قىلىدۇ.

شېئىرىي گۈزەللىك مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، گۈڭگا گۈزەللىك دېمەكتۇر. ھەرقانداق نەرسە روشەنلەشكەن ھامان ئۆزىنىڭ جەلپ قىلىش سېھرىي كۈچىنى يوقىتىدۇ. شېئىر ئۆزىدىكى ئوبيېكتىپ مەنىدىن باشقا نۇرغۇن نەرسىلەردىن بېشارەت بېرەلىشى،

زوقلانغۇچىنىڭ باغلىما تەسەۋۋۇرىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىيالىشى كېرەك. بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئەنئەنىۋى زوقلىنىش ئادىتىمىزگە خىرىس بىلەن تىكىلىپ، ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەنىۋى مەنزىلىنى سىزگە تۇغما قىياپەت بىلەن تولۇق ئاشكارىلىۋېتىشنى راۋا كۆرمەيدۇ.بەلكى لىرىك بوشلۇق قالدۇرۇش سەنئىتىگە ياندىشىپ سەزگۈلىرىمىزنى غىدىقلايدۇ ھەم بىر خىل ئېستېتىك ئېنېرگىيىنى ۋە دېموكراتىك كەيپىياتنى تەقدىم ئېتىدۇ.

شېئىر ھامان رېئاللىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سەنئەت.شائىر ئېڭىنىڭ تالللىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتمىگەن بىرلەمچى ھايات كۆرۈنۈشىنىڭ مېخانىك كۆچۈرۈلمىسى مەڭگۈ شېئىر بولالمايدۇ. شېئىرنىڭ پەۋقۇلئاددە قىممىتىمۇ شائىر ھېسسىياتىنىڭ مۇئەييەن ماددىي تەنچە ئارقىلىق يارىتىلىشى، سۇبيېكتىنىڭ ئوبيېكتقا بولغان پائال ئاسسىمىلياتسىيىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ نۇقتىنى ئاڭلىق ھېس قىلغان قەلەم ئىگىلىرىمىز رېئاللىق بىلەن پاراللىل بولغان مەلۇم بىر تۇرمۇش كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، تەبىئەت ۋە تۇرمۇشنى قىسمەنلىكتىن تاللاپ ئۇنىڭ مەنتىقىي تەرىپى، ھەرىكەت ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ ۋە قايتا قۇراشتۇرۇپ ئوبيېكتىپ چىنلىقنى قەلب چىنلىقىغا كۆتۈرۈش، ھېسسىياتنى ماددىي تۇسكە، شەيئىنى ئادىمىي تۇسكە ئىگە قىلىشتەك بەدىئىي ماھارەت ۋە ئېستېتىك غايە سىناقلىرىنى دادىل يۈرگۈزدى. بۇ توپلامدىكى نۇرغۇن شېئىرلاردا بىر پۈتۈن يەككە سىمۋول ئىزچىللىق ئەنئەنىسى ھېسسىي ئوبرازلار بىرىكمىسى بىلەن سەكرەتمە تىپىدىكى شېئىرىي مونتاژغا ئورۇن بەرگەن. بىز بۇ شېئىرلاردىن

قاپىيە، تۇراق، ۋەزىن قاتارلىق تاشقى ئامىللارغا قارىغاندا، شېئىردىكى ئىچكى رىتىمنىڭ تېخىمۇ يۇكسەك ئېتىبارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرىمىز.

تىلنىڭ قېلىپلىشىپ ئادەت كۈچىگە ئايلىنىشى شەكىلسىز تۇسالغۇنى پەيدا قىلىپ، شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدۇ. ھىراكىلىت «ئۆزئارا تېپىشىدىغان نەرسىلەر بىرلەشكەندە ھەرخىل ئاۋازلار قوشۇلۇپ، ئەڭ گۈزەل گارمونىيىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ» دېگەنىدى. تەنگە سىغمىغان روھ ھامان پارتلايدۇ. شۇنى جاكارلاش كېرەككى، شېئىرنىڭ ئېستېتىك قۇۋۋىتى تىلنىڭ ئۆزىدىكى سىغمىچانلىقنىڭ كېڭىيىشى، پارتلىشى، مەنتىقىي خاسلىققا ئاسىيلىق قىلىشى، بىر- بىرىگە يات، ھەتتا زىت سۆزلەرنىڭ ئەركىن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

ئىزدىنىش ھامان مۇشەققەتلىك ھەم نۇقسانلارغا يول قويغان بولىدۇ. ئەمما ئۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. قېنى، سىز زامانىۋى مەدەنىيەت قەسىرىدىكى بۇ كولدۇرما ئاۋازغا قۇلاق سېلىڭ!

ئاخىرىدا بۇ توپلامغا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلارنىڭ چوڭ- كىچىك دەپ ئايرىلماي، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن قاتارغا تىزىلغانلىقىنى سەمىڭىزگە ئالاھىدە سېلىپ قويماقچىمىز. بۇمۇ مەزكۇر توپلامدىكى بىر ئالاھىدىلىك.

# ھازىرقى زامان ياش ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانغان توپلامغا كىرىش سۆز

جۇ تاۋ

## 1

بۈگۈن مەن بەكمۇ خۇشال. چۈنكى ماڭا ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ بۇ شېئىر توپلىمىنى ئوقۇپ چىقىش نېسىپ بولدى. مەن خۇددى شائىر شۈي جىمو تۇنجى قېتىم كۆزەينەك تاقىغىنىدا، كېچە ئاسمىنىغا بېقىپ ئاسماندا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ شۇ قەدەر كۆپلۈكىنى بايقىغىنىدەك ھاڭ - تاڭ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەن يازغۇچى ۋاڭ مېڭ ئىلىنىڭ باياندىي دېگەن يېرىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىللىرىدە، ئۇ ئولتۇرغان ئۆينىڭ خوجايىنى مۆمىن ئاتىنىڭ « بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ۋە شائىرى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ » دېگىنىگە ئىشەندىم .

شۈي جىمو كىچىكىدىلا كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بولغاچقا شۇ چاغقىچە يۇلتۇزلارنى كۆرەلمەي كەلگەنىكەن. ھالبۇكى، ئوخشاش بىر يەر - زېمىندا، ئوخشاش بىر شەھەردە بىللە ياشاپ تۇرۇقلۇقمۇ بۇنچىۋالا نۇرغۇن تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز قاپتۇق. چۈنكى بىزنىڭ ئىشلىتىۋاتقىنىمىز ئوخشىمىغان تىل - ئەدەبىيات، يەنە كېلىپ مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ئالاقە تولىمۇ كەمچىل بولۇپ

كەلگەن. ئىسلاھات، ئىشكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىن دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدىكى تالاي كاتتا شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا باھا بېرىلىش ئاساسىدا تونۇشتۇرۇلۇپ، ئىنتايىن زور تەسىر پەيدا قىلدى. ئەپسۇس، ئۇزاق مۇددەتلىك پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ئۇز ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇشىمىز ئىسلاھات، ئىشكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكىگە يەتمەيدۇ.

ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈشلەر مەڭگۈ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە چۈشىنىشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، مانا بۇ ناھايىتى چوڭ مەسىلە.

ۋاڭ مېڭ ئۆيىنى ئىجارە ئالغان مۆمىن ئاتىنىڭ «پادشاھ بىلەن شائىرنىڭ ئوخشاش» لىق نەزەرىيىسىگە كەلسەك، بۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ چوڭقۇر تارىخىي قىممەت قارىشىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. رۇسلاردا پۇشكىن پۈتكۈل مىللەتنىڭ سىمۋولى، كارموس پورتوگالىيىنىڭ ئېپتىخارى، ئۇيغۇرلاردىمۇ مانا شۇنداق قىممەت ئەنئەنىسى بار، ئەمەلىيەتتە خەنزۇ مەدەنىيىتى شائىرلى بەي، دۇفۇلارنى قانداقمۇ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار دەپ سانىمىسۇن؟ ئىنسان ھېسابلانغان ھەر بىر مىللەتنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش بالىلىق دەۋرى بولغان. شۇڭا مۆمىن ئاتىنىڭ غەرەزسىز ئېيتىلغان بۇ سۆزى نۇرغۇن ئالىملىرىمىزنىڭ «مىللەتلەر مەدەنىيىتى سېلىشتۇرمىشۇناسلىقى»دا يىرىك ماقالىلەرنى يېزىشقا يېتەرلىكتۇر.

## 2

بۇ توپلامدىكى شۇنچە كۆپ سەرخىل ئەسەرلەرنى كونكرېت ئانالىز قىلىپ بەھرە ئېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىسقىغىنا كىرىش سۆزۈمنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلمىسىمۇ، بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ سەۋىيىسىگە نىسبەتەن يېڭى تونۇشقا ئىگە بولدۇم. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ شېئىرلارنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى دۆلەت ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەنزۇچە يېڭى شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، بۇ شېئىرلار ناھايىتى يۇقىرى شېئىرىي ساپا ۋە شېئىرىي گۈزەللىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قويۇق دىنىي تۇيغۇ ۋە تەبىئىي ئىلھامغا ئىگە. مانا بۇ شېئىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان مۇھىم تەركىبلەر بولۇپ، دەل مۇشۇ تەركىبلەر بۇ شېئىر توپلىمىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىسىنى تاپقان. مۇشۇنداق ياخشى شېئىرىيەتنىڭ ئۆزى كۆكلەپ، ئۆزى قۇرۇپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇش تولىمۇ ئېچىنارلىق ئىش. مەن « شېئىرىيەت ژۇرنىلى » نىڭ بۇ شېئىرلارغا مەخسۇس سان ئاجرىتىپ مەملىكەت مىقياسىدىكى شائىر ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزگە شېئىرنىڭ ھەقىقىي ھالىتىنى قايتىدىن تونۇتۇشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

بەزىلەر ھازىرقى خەنزۇ يېڭى شېئىرىيىتىنى « ياۋروپا ـ ئامېرىكا شېئىرىيەت ئېقىملىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسى» دېيىشىدۇ، مېنىڭچىمۇ شۇنداقراق. ئەگرى ـ توقاي يوللارنى كېزىۋەرگەنچە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلىدىكى مەنزىل

www.uyghurkitap.com

ئۇنتۇلىدۇ. بۇ جەھەتتە، توپلامدىكى ئەسەرلەر ئۆز مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئۇنتۇمىغان، بۇ شېئىرلاردا دەۋرىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

بۇ شېئىرلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ مول ئىچكى دۇنياسىنى كۆرەلەيمىز، ئۇلارنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى،ئۇلارنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى، ئۇلارنىڭ قايغۇ- ھەسرىتىنى، ئۇلارنىڭ تەنتەنىسى ۋە يۇمۇرلىرىنى ئاڭلىيالايمىز. . . بىر مىللەتنىڭ تىلىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇرلاپ كىرگىلى بولمايدۇ، قەلبىگە چوڭقۇرلاپ كىرىش بولمىسا، بىر مىللەتنى مەڭگۈ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەم بىلەن ئادەم شۇنداق، مىللەت بىلەن مىللەت تېخىمۇ شۇنداق. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بولغاندىلا،ئاندىن چۈشىنىش، دوستلۇق ۋە ھېسداشلىق بولىدۇ، بەلكى بۇ چوڭقۇر ۋە بۇزۇلماس بولىدۇ. مەسىلەن، رۇس مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىلىرىمىزنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنىدى.

شۇڭا، مېنىڭچە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ ۋە بىر- بىرىنى تولۇقلاشنى كۈچەيتىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا كاپالەت قىلىپ دۆلىتىمىزنى روناق تاپقۇزۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. بولۇپمۇ، خەنزۇ مەدەنىيىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىشى، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ئومۇمەن، تارىختا قارايدىغان بولساق، جۇڭگو كۆكسى - قارىنىنى كەڭ تۇتۇپ، كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلغان مەزگىللىرىدە ئىنتايىن

قۇدرەت تاپقان. ۋەھالەنكى، تار بېكىنمىچىلىك قىلىش ھامان ئارقىدا قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

3

ئۇيغۇرلارنى ئادەتتە «ناخشا - ئۇسسۇل مىللىتى» دەيمىز. بۇنداق تەرىپلەش بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرىپى ئۇچۇن ئېيتقاندا، يۈزەكىلىكتىن مۇستەسنا ئەمەس. ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇش يامان ئىش ئەمەس، ئەكسىچە ياخشى ئىش بولسىمۇ، پۈتكۈل بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تولىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. جاھاندا مەيلى قانچىلىك ئىرق، مىللەت بولسىمۇ، ئۇلار قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلمىسۇن، قايسى خىل دۇنيا ئەنئەنىسىگە ئادەتلەنگەن بولمىسۇن ۋە مەيلى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتى ھەمدە پسىخىك ئالاھىدىلىكى بىر - بىرىدىن شۇنچە زور دەرىجىدە پەرقلەنمىسۇن، بىزنىڭ بىر ئورتاقلىقنى تېپىشىمىز ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئادەم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئادەملىك ۋۇجۇد ۋە ئادەملىك قەلب بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئادەملىك ھېس - تۇيغۇ، ئادەملىك ئەقىل - ئىدراك، ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئالاھىدىلىك بار. مانا مۇشۇ ئاساسىي نۇقتا «ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ ئوخشاشلىقى» نى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ شېرىن ئارزۇسىغا ئايلاندۇرغان.

دەل مۇشۇ نۇقتىدىن، 20 - ئەسىرنىڭ چوڭ داۋالغۇشلىرى يۈكسەك تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن. ئىنسانلار ئىلگىرىكىلەر تەتقىق قىلىش زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىغان نۇرغۇن ھاياتلىق تېمىلىرىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولدى. بۈرۈن يەر شارى بەك چوڭ

ئىدى، ھالا بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا كىچىكلەپ كەتتى، ئادەم بىلەن ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى، ئۇلارنىڭ بىللە ياشىشى مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇھىم ئىشقا ئايلىنىپ قالدى.

شۇڭا، ئەدەبىياتمۇ ئوخشاشلا بۇنداق يېڭى تېما ۋە سىناقلارغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، ھازىر مەۋجۇت بولغان ھەر خىل تەشۋىق ۋاستىلىرى ئارقىلىق قانداق قىلغاندا ئادەم قەلبىگە تېخىمۇ ياخشى چوڭقۇرلاپ بۆسۈپ كىرەلەيدىغان شەكىلنى تېپىش جەھەتكە يۈزلەنمەكتە.

شېئىر ۋە شائىرلارمۇ يېڭى قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. مەن بۇ بۆسۈش ئېغىزىنى دەسلەپ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئارىسىدىن تېپىۋېلىشنى ئىستەيمەن.

**4**

ئۆتكەن ئايدا رۇسىيىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، پۇشكىننىڭ ئولتۇرغان ئۆيى ۋە ئۇنىڭ خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. مەن رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ بىر ئاكادېمىكىدىن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى سورىغىنىمدا، ئۇ ماڭا «رۇسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۇشكىن ھەممە دېمەكتۇر، قانچىلىك ئەمەس، بەلكى ھەممىدۇر!» دېگەنىدى. رۇسلارنىڭ ئۆز مىللىتىدىن چىققان گىگانت شەخسلىرىنى بۇ قەدەر قىزغىن سۆيۈشى قەلبىمنى چەكسىز ھاياجانغا سالدى. كېيىن، مەن خاتىرە سارىيىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا خاتىرە سارىيىنىڭ باشلىقى ماڭا بېغىشلىما يازغۇزدى. مەن مۇنۇلارنى يېزىپ قويدۇم: «پۇشكىننىڭ نەزىرى ۋە جاۋغايلىرىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قايغۇ- ھەسرىتى ھەم غۇرۇرى چوڭقۇر يوشۇرۇنغان» .

هازىر مەن  بۇ سۆزۈمدىن مۇشۇ توپلامغا ئەسەرلىرى كىرگەن ياش ئۇيغۇر شائىرلىرى بىلەن ئورتاق بەھرلىنىشنى خالايمەن.

1999- يىل 11- ئاينىڭ 10 - كۈنى

( ئەركىن نۇر تەرجىمىسى )

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# جىمجىتلىق

## ئابابەكرى توختى

جىمجىتلىقنىڭ غەمكىن ئاۋازى
چەكسە تۈندە كۆزنەكلىرىمنى،
شاختا ئۇخلاپ قالغان قۇشقاچلار
چۈشەپ چىقار ئاپئاق تېڭىمنى.

نەي ئاۋازى ئوت قويغان زېمىن
بوشانغاندا ئاچچىق تولغاقتىن،
قاغجىرىغان ياۋا چېچەكلەر
زىيارەتكە كېلەر ھەر ياقتىن.

ئېھ، سۈكۈتلۈك قەلبىمدىكى روھ
كەچمىشلەرنى ئەتسە ئاشىيان،
سەزدىم ھايات جىمجىتلىقىنى،
بۇ جىمجىتلىق شۇنچە بىپايان.

# قىسمەتلىرىم

## ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

### 1

كائىناتتا رەڭدار جۇلالار،
نىگاھىمدا شەيتان جىلۋىسى.
چۈمۈلىلەر پىل بولدى بەزەن،
مۈشۈكتىمۇ يولۋاس ھەيۋىسى.
لېكىن مىڭ يىل ياشىغۇم كېلەر،
ھەر لەھزىدە ھايات بەزمىسى.

جان سۆيۈنگەن چاغلارمۇ بولدى،
يىغلىغىنىم ئۇندىن زىيادە.
رەستىلەردە ياۋىداق ئات مىنىپ،
باياۋاندا قالدىم پىيادە.
خىزىر سۈپەت ئاتامغا رەھمەت!
بەرگەنىكەن سۇنماس ئىرادە.

سەيلە قىلسام بېغىمنى تاڭدا،
ۋۇجۇدۇمنى گۈللەر پۇرايدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇلبۇل خىجىل بولۇپ ئالدىمدا،
دۇدۇقلاپراق ئېتىم سورايدۇ.
مەگدەپ قالسام ئەگەر، ماگدامدا -
يوللىرىمنى يىلان تورايدۇ.

ئىنتىزاردۇر ماڭا لەيلىدەك،
كىرپىكلىرى بەرگى قىياقلار.
زارىقىمدۇ سامادا زۆھرە،
يان - يېنىمدا چولپان سىياقلار.
بىر قارىسام ھەممىسى جاللات،
يەڭلىرىدە خەنجەر - پىچاقلار.

بىر قارىسام سۆيگۈ دىلبىرى،
كۆزلىرىدە ناز بىلەن كۈلكە.
بىر قارىسام جانىمنىڭ خۇنپىرى،
ھەر كۈلكىسى بىر قىزىل تۇلكە.
ئاھلىرىمنىڭ ئالتۇن ئوقىنى
ئېتىپتىمەن بوشقا، كۆپۈككە.

بىر قارىسام كۆزلەردە ھەۋەس،
بىر قارىسام ھەسەت يالقۇنى.
بىر ئادەمگە يەتمەمدۇ بىر يۈز،
ئىككى يۈزلۈك ئىكەن قالقىنى.

ئىككى يۈزنىڭ يولىمۇ ئىككى،
بىر يۈزلۈكنىڭ ھالال تاپقىنى.

دوستلىرىمنى سېغىنىپ دەپتىمەن،
ئۆزى ئىشلەپ مېنى ئويناتقان.
ئاشىقلىقتا بىھوش بوپتىمەن،
چايان چېقتى باغرىمدا ياتقان.
« ئەييۇھەنناس ! » دېدىم بەزىدە،
پاياندازنىڭ ئاستىدا قاپقان.

2

تۈلۈن ئايدەك رىزىقى - نېسىۋەم،
ھىلال ئايدەك بولۇپ قىيىلغاچ.
ئۆزۈم تېخى نەۋقىران تۇرۇپ،
تىلەكلىرىم بېشىدا ئاق چاچ.
ئارمانلىرىم مېنىڭدىن ئون يىل -
ياق، ئەللىك يىل بۇرۇن تۇغۇلغاچ.

قىيامىغا يەتكەندە سۆيگۈ،
ساداقەتتىن مەجنۇن تۇغىدۇ،
رەشك بىلەن قارىيىپ قۇياش،
ئالەمگە بىر ۋەيلۇن تۇغىدۇ.
ۋەيلۇندىكى بەزى مەھكۇملار،
ماڭا ئاتاپ مەلئۇن تۇغىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باھاردىمۇ بۇرنۇمدا يانتاق،
پۈرايدىغان قىزىل گۈلۈمدەك .
يۈلتۈزلارغا باقسام ھەۋەستە،
كۆزلىرىمگە تۆكۈلدى قۇمدەك.
ئارزۇلىرىم ئاقتى ياش بولۇپ،
يىغلاش ماڭا خۇددى ئۇدۇمدەك.

ئىشەنگەندە قۇملار تاغ ماڭا،
يۆلەنگەندە پايەمدە تالقان.
چۈشلىرىمدە كۆرگەن ھەقىقەت،
ئويغانساملا قىپقىزىل يالغان.
كەچمىشىمدىن ئۆزۈم ئۇيالدىم،
تەقدىر قاچان، كىمدىن ئۇيالغان؟

پال ئاچقۇزماي تالاي چەك تارتتىم،
ھەممىسىدە دەرد ـ ئەلەم تەگدى.
ھۆكۈملەرمۇ بوينۇمنى ئەگمەي،
خىيانەتلەر قەددىمنى ئەگدى.
رەقىبلەرنىڭ ئۆزىدىن كۆزى ـ
يامان ئىكەن ماڭا كۆز تەگدى.

ۋاپاسىزغا ئاشىق ئەيلىدى،
بىر بېشىمغا دەردنى ئاز كۆرۈپ.

شاپاق دوپپا بەردى ياز كۆرۈپ.
سۇدىن چىقىپ ئوتقا كىردىم مەن،
ئېزىتقۇنى قۇرئەنداز كۆرۈپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەككى شېئىر

## ئابدۇرېشىت ئېلى

## شېئىر بىر كېسەلدۇر ماڭا چاپلاشقان

بىر مەنە ئىزدەيمەن جىملىق ئىچىدىن،
ھېسلىرىم زەنجىرگە ئايلانغان تامام.
چېقىلار سەرسان ئاي، قەدىمكى كېچە،
ۋە مېنى قورشىغان مېھرى ئىللىق تام.

ئاڭلىنار باھارنىڭ قەدەم تىۋىشى،
فېۋرالنىڭ پاناھسىز غۇۋا باغرىدا.
قەغەزدەك پارچىلاپ توگەتتىم سېنى،
تاش بولۇپ ئۆيۈدى غەرەزسىز نىدا.

ئۆلتۈرمەك بولىمەن روھىمنى ئاخىر،
ئاھ، مېنىڭ ئويلىرىم بىر مۇدھىش چايان!
نە ئامال كوچىغا چىقىمەن ئېغىر،
شېئىر بىر كېسەلدۇر ماڭا چاپلاشقان.

# ئىلاھى دەرەخ

بىر تالمۇ قۇش ئۇچۇپ كەلمىدى،
بارچە دەرەختىن ئېگىز بولساڭمۇ.
سارغايمايدۇ يوپۇرماقلىرىڭ،
ساڭا بالدۇر يۈز ئاچار تاڭمۇ.

مېۋەڭ پىشىپ تۇرىدۇ دائىم،
كەلمەس ئۇنى يېيىشكە پەقەت
كەچ كىرگۈچە بىرەرمۇ ئىنسان.
تۆكۈلمەيدۇ تۇۋىڭگە زىنھار،
تۈگىمەس ھەم زامانمۇ زامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىككى شېئىر

ئابدۇقادىر جالالىدىن

# ھېچكىم يوق

شاۋقۇنلارنىڭ تىلسىمىدا ئۆزۈمنى تىڭشىدىم،
ئاۋازىمنى كەستى ئاپلىپىسىن رەڭگى.
ئۇنتۇلماقتىمەن ئاۋات كوچا چىرىغىدەك،
كىرىۋالىمەن كەچ كۆزنىڭ تىترەك قوينىغا.

ھاۋا سوغۇق، ئاۋازلارغا ئايلانغان كۈنۈم،
توڭلاپ كەتتىم سايىلەرنىڭ يامراشلىرىدىن.
كالا گۆشى سۇيۇقئېشى تۇرار ھورلىنىپ
قۇچاقلىدى بىر قۇيۇن ئەخلەت دۈۋىسىنى.
شاكىلات ھەم شىرشىم كەمپۈت قەغەزلىرى
نۇر بەھرىدە ئۇزەر ئىدى بېلىجانلاردەك.

مېڭىپ يۈردۈم مىغ - مىغ ئادەم ئارىسىدا،
ئەركىنلىكىم، سۆيگىنىم پەلەك سىرتىدا.
قەلبىمدىكى كۆي قۇشلىرى
تاشتىن يىراق، ئورماندىكى سۆگەت شېخىدا
قەسەملەرگە ئوخشىغان ۋارقىراشلىرىم
پىتنىلەرگە ئەگىشىپ كەتتى ۋاقىتقا.

كىم ئۇ بۇلبۇللارنى مېتالدىن ياساپ
ئېسىپ قويغان بوتكىلارنىڭ ئەينەكلىرىگە؟
كىم ئۇ پەرىشتىنىڭ ھەيكەللىرىنى
ئۇزۇن بامبۇك تايىقىدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ
بىر توپ ئالساڭ ئالتە كوي دېگەن؟
يەر ئاستى ئۆتۈشمىنىڭ پەشتىقىدا
كىم ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە
ئالدىراش ئادەملەرگە غىجەك چالغان
ئاقارماقتا پۇل بىلەن ۋەھشىي داغلار
كىتابىنى دۇربۇن قىلىپ بىر سەنئەتكار
ساناپ باقتى بانكىنىڭ پەلەمپىيىنى
ئايالالار كۆنمەيدۇ گۈزەللىكىنى
شائىرلارنىڭ پۇكۇلۇپ كۆيلەشلىرىگە
ئۇلار ئۇسسۇل ئوينار ھۆپىگەرلەرنىڭ
پۇلنى كاناي قىلىپ پۈۋلەشلىرىگە
ئەمما، شائىرلار بەك سۆيگۈگە موھتاج
سۆيۈۋەرسە بولماس شېئىرنىلا
شېئىر ئەمەس ئۇ تەكرارلانغىنى
قەدىرلەيدۇ ھەتتا ئۆزىنى ئەمەس
باشقىلارنى بېكەتتە كۈتۈشلىرىنى
پۇلدارلار سورۇنغا بولىدۇ زىننەت
سەنئەت ئۇ دەردلەردىن تۇغۇلغان ھىممەت
ئەمما، دەردمەنلەرنىڭ تويى بىناۋا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغاچقا ناخشىچى، سازەندە قىممەت
ئەزەلدىن سەنئەتكارنىڭ سۆپسۆزۈك يېشى
بولۇپ كەلدى زەردارنىڭ ئەيشىگە رىغبەت.
قىزىم
مەن تېخى يازالمىغان يۇمران بىر مىسرا
بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنى ياردى تۇساتتىن
مىنبۇس ئىككىمىزنى تاشلىۋەتتى
مۆزلىغان ئاغزىغا قېرى كېچىنىڭ
ئاستا چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى
ياپقاندى يۈزىنى خىرە كوچىنىڭ
چىراغىنىڭ ئاستىغا كەلگەندە، قىزىم
— دادا، قار بەك چىرايلىق، — دېدى.
— ھە، قار بەك چىرايلىق.
— ئۇنى دەسسىمىسەك بوپتىكەن، دادا ؟
— دەسسىمىسەك قانداق ماڭىمىز؟
گەپ قىلالماي قالدىم بىر ھازا
زەي بىر كېچىنى
ئۆتكۈزدۇم مەن تاماكا شوراپ
ئوقۇيمەن شېئىر
ئۇخلاپ ياتقان قىزىمغا قاراپ
ئۇنىڭ قولىدىكى لاتا قونچىقى
تىكىلەر گويا بىرنەرسە سوراپ.
دېرىزەم ئالدىغا كەلگەندە كۈن
ئېرىنىپ تۇرىمەن ئاستا ئورنۇمدىن

ئىتتىكلا تارتىمەن تىنىمگە نىقاب.
بۇ بىر شەھەر
خەرىتىدىن تەمرەتكىدەك كۆرۈنەر ماڭا
دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ
سېمونت بىلەن ياسايمىز ھەيكەلنى
نېمە ئۇ
چۈشەنمەيمىز قۇشلار تىلىنى
دوختۇرخانا ياتاقلاردا
ئىڭرىغان ئاۋازلار سارغىيىپ كەتكەن
«+» بەلگىسىنىڭ كۆلەڭگىسىدە
چىقىم بولۇپ تۇرماقتا پانىي ھاياتتىن
تېلېۋىزوردا قىلىشتى داۋراڭ
گىرىم دۇكىنىنىڭ خوجايىنىنى
ھېلىمۇ مەزمۇت غەربىي چوڭكۆرۈك
سۇلار ئاقماس ئاستىدا ئەمدى
ئۈستىدىن ئۆتەر
تاش بىلەن گىرىم پۇراپ تۇرغانلار
ئاستىدىن تاۋۇتلار ئۆتىدۇ پات - پات
قۇتۇلۇشقا دو تىكىلگەن ھايات.
چۈچۈپ تۇرسامىمۇ
ھەشەمەتلىك ماشىنىلاردىن
ئاسان ئەمەس ھەممىدىن كەچمەك
ئىللىق بىر تەسەللى تاپالمىسامىمۇ

يۇرىمەن ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە سۆزلەپ
مانا بۇ
گۈللەر ئۆرتەنگەن ئاخشام
كىشىلەر ۋىتامىنغا بولدى ئىنتىزار
كۈندۈزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بىرى
مەيخانىغا كىرىپمۇ ئالالمىدى تىنى
قىلىنىلاپ بارماقتا دىلدىكى غۇبار
رەنجىمە شېئىر
قىلىنۇۋەتمە شائىرىڭنى ئۇنچىلىك نازۇك
كىشىلەرگە نان كېرەكتۇر ھازىر
كۈندۈزدە جاھان كۆرۈنسە گۈزەل
ئاخشىمى ھەسرىتىنى پىچىرلار ئۇنىسىز
زامان كۈن ھەققىدە ئوقۇيدۇ داستان
ئاخىر تەمتىرەپ قالغاندا نۇرسىز.

## تۇز قەسىدىسى

*سىلەر دۇنيانىڭ تۇزى.*

*«ئىنجىل» دىن*

1

باشقىچە كۆيلەيدۇ ئالۋۇن مەپىسى
شاخلاردا تونىگەن قانداق بىر ئانار؟

كېلىپلا يوقالدى سىياھ پەنجىسى
پەنجىلەر كۆكىدىن يوپۇرماق ياغار.
تۇغۇلدۇم خىيابان قوشنىڭ رەڭگىدە.
شاخلارنىڭ ئەۋجىدىن يۈكسىلەر ئاسمان
چۆكۈپ يەر يوپۇرماق قايىنمى ئىچرە،
قۇترىغان ئوت كەبى ئۇزىدۇ ھەر يان.
بىلسەڭلار، باغلاردىن باشلىنار يولۇم،
قېنىمغا ئىبادەت ئەيلىدىم ھەرئان.
يوقالغان چاقماقنىڭ ئىغىر تىنىشدا،
ئاھ، مېنىڭ جىملىقىم قىلىپتۇ جەۋلان.
تونۇتسام ئۆيۈمنىڭ كىپسەكلىرىنى.
ئۆيلىرىم ئىزدىدى، تۇرۇشتى يوقلاپ،
ئىسمىدە، «خوش» دېدىم ئاداققى بىر رەت
يەنىلا شۇ يەرگە كەلدىم دۇدۇقلاپ .

2

ھەي، قېنىم، تەرتىپلىك قۇشلار سەپىرى
قانىتىڭ مەۋجىدە يالتىرار سابا،
چاقنىسا دېڭىزنىڭ قولىدا سەدەپ
قىلدىڭمۇ ئۇنى سەن تەۋرەڭگۈ نىشان
كۆرۈنۈپ كۆزۈڭگە شۇنچە دىلرەبا! ؟
سەدەپ!

تۈز ئارا چايقىلىپ سوزۇلگەن ئالىقان.
قەيەرگە كۆچتىكىن بەزمىسى كۆزنىڭ،
ئاقىرىپ كۆرۈنەر شۇ تاپتا جاھان.
ئاق!
ھاۋادەك يامرىغان بابىل مۇنارى.
ئاقنىڭ قىيامىغا چىقتىم يامىشىپ،
تەجەللى بولماقتا سۆيگۇ تۇمارى.
نىمە دەيمەن جەۋھەر رەڭگىنى؟
نىمە دەيمەن سەدەپ رەڭگىنى؟
نىمە دەيمەن تۇزنىڭ رەڭگىنى؟
ئاق!
نىمە دەيمەن ئاقنىڭ رەڭگىنى؟
دېڭىزدا خارامۇش ئۈزگەن ئاق يەلكەن
يىراقتا ئەكەتتى تۇزنىڭ رەڭگىنى.
ساھىلدىن كۆۋرىگەن ئاتەش بىر ئۇيۇك
ئاق قىلىپ تاۋلىدى تەنىنىڭ بەرگىنى.

3

نۇرلارنى سۇمۇرگەن يامبۇنىڭ چەرخى،
ئۆچمەكتە تۈندىكى تۈنىنىڭ ئەۋجىدە.
كۆي ئۆرلەپ بىر يۇتۇم تۇزنىڭ ئەپتىدىن،
ئوتلارغا سىڭمەكتە زېمىندە زىدە.

تەقدىرنىڭ تىترەڭگۈ تارىنى بويلاپ،
تۈزلارنىڭ قۇيۇنى باردۇ ئاقا.
ئاي نۇرى قىروغا ئايلىنىپ تاڭدا
چېچەكنى چىللايدۇ يېپىشىپ شاخقا.
ئەي دەرەخ، پەسىللەر دەۋرىگەن دەمدە
بىر ئۇچۇم ئاق تۈزنى سورۇدۇڭ كۆككە.
قاناتلار پەرۋازى تۈزلار ھىدىدىن
يېتىدۇ كۈچلىنىپ ساماۋى چەككە.
قېنى تۈز، ئايان قىل ئەرشىڭ پايانى
رىشتىنىڭ ئەگىزى باشلايدۇ قايان؟
لەززەتنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان قاق چۈشى
ۋەزنىمنى كۆرستەر ئاچچىق تۈزسىمان.
كۆزلەرنىڭ شەنگە يىغلىغان دەرەخ
سۈخەنساز ۋەزنىمنى قىلماقتا كۆرەك،
مەڭگۈگە ئۇت ئالغان يۇمران لالىنى،
قۇچماقتا توك بىلەن تويۇنغان چۆنەك.

4

ئۈيقۇچان تېنىمگە تۆكۈلۈپ ۋولقان
ھۆجەيرەم سانىدا ئېچىلار روجەك.
سۈكۈنات شەكلىدە ئوخچۇدۇم زىنهار
بەھرىمدىن چۆللەردە ئېچىلار چېچەك.

www.uyghurkitap.com

لەھزىگە ئەسلىمدىن غايىبمەن، ياتمەن -
قاشالىق قەبرىستان بەزمىگاھ ماڭا.
قەسەملەر تىغىدا چاپچىغان ئاتمەن.
ئۇنتۇلغان قەترە تۇز نەزمىگاھ ماڭا.
ۋەھدەتتە ئۆزۈمنى ئەيلىدىم تەقسىم،
ئىيتىدۇ سىرىنى ماڭا ھەرنىمە.
ھاياتقا ھامىلدار قەتلىگاھ ئىچرە،
ئەي، كەپسىز يىپىزىقلار ئۆگۈسەن نىمە؟

# ئۈچ شېئىر

ئابدۇكېرىم ناسىر

## ئايپالتا

قەدىمكى بىر كۆتەك تۈۋىدە
سىرلىق شامال
ياپراقلارنى چۈشەپ يۈرگەندە،
كىيىم كىيىپ
شولىسىدىن ھىلال ئاينىڭ
كۆلۈمسىرەپ ياتار ئايپالتا.

## قاراڭغۇ مۈنچا

1

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن چاچلار ساھىلى
ئوينايدۇ يۆگەپ
بارماقلىرىنى نازۇك قوللارنىڭ.

2

ئاۋازىدىن
چۈشتى سويۇلۇپ
ئۈنسىز ناخشىلار
تۇمانلارنىڭ
كىرىپ كەتتى

قارىچۇقلىرىغا
بىر ئايالنىڭ.

3

ھەيدەپ بارىدۇ
سۇ تامچىلىرىنى
تۇپرىقىغا تۇمانلارنىڭ
ئىسسىق شاماللار
مەنبە قىلىپ كىندىكىنى.

4

شۇڭغۇپ كەتتى
ئىچىگە
تۇمانلارنىڭ
قىزىل يىپ بولۇپ
قىزىل لاكلار
نازۇك پۇتلار بارماقلىرىنىڭ
تىرناقلىرىدىكى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇھەببەت نوختىسى

1

كېچە
تامچىلىدى سىرلىق مۇساپەم
چاكىلىرىغا سايەمنىڭ.

2

ئالدىمدىكى يېلىنجىغان بوشلۇقتا
چاڭقاپ
يالىڭاچلىنىپ ياتتى مەسىت پېتى
پىر چەڭگى[1] نىڭ ئازابلىق كۈيى.

3

كىچىك ئىدى
پەنجىرىسى چۈشۈمنىڭ
قان ھىدلىرى ئۇچۇپ چىققان ئوقلاردەك
ئۆڭكۈر ئېغىزى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 4

كېچە
قاشالىق قەبرىستان بولدى بىر قەدەھ
ئۇنىڭدىن
يىلتىزىغا يۇرىكىمنىڭ
بىرجېنت② تېنىدىن ياسالغان شاراب.

---

ئىزاھات :

①پىر چەڭگى - ئۇيغۇر ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى مىللەتلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، ئۆلۈكلەرنى ئازابلىغان پەرىشتىلەرنى ئۆزىنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن قاچۇرغان رىۋايەتتىكى ناخشا - قوشاق پىرى.

②بىرجېنت - ئىبسىننىڭ «بىرجېنت» ناملىق دراممىسىدىكى پېرسوناژ.

# سۆيگۈ

## ئابدۇللا جامال

1

خىيال سۇرۇپ ماڭىمەن ئاستا،
نېمىلەرنى كۆتكەندۇ يوللار؟
نېمىلەرنى سۆيگەندۇ ئويلار؟
قايسى خىلدا ئۆتكەندۇ تويلار؟
لەۋدە نېمە قالدى سالپىراپ؟
سۆيگۈ ئوتى كەتتى نەلەرگە؟
ئولجا بولدى جانان كىملەرگە؟
ئوتلۇق كۆزلەر يوقالدى قانداق؟
پىغان باشلاپ كەلگەن ئىزنىتقۇ
يۈرىكىمگە ئۇرىدۇ چاقماق.

2

خىيال سۇرۇپ ماڭىمەن ئاستا،
ئەگىشىدۇ مازار قوينىدىن
كۆلۈپ كەلگەن قىلىچ سۆيگۈسى.
چۆچەك ئىزدەر خادا كارۋىنى،
ئۇچۇپ كەتكەن شەھەرنى ماختاپ،
توگىمەيدۇ شۇڭا كۆلكىسى.

تۇمان نېمە، ئاق - قارا نېمە؟
سۆيگۈ سوراپ تۇرىدۇ مەندىن.
جۇدۇن ئويناپ يۇرگەن كېچىدە
كېپەن بىلەن تويلاشقان تەندىن.
بۇلدۇقلايدۇ بۇلاق ئاھ ئۇرۇپ،
جانان نېچۇك كەلمەيدىكىن دەپ.
جانان ئەسلى ئەمەسقۇ ئولجا
ئۇنى كىملەر ئىزدەيدىكىن، دەپ.

3

خىيال سۇرۇپ ماڭىمەن ئاستا،
جانان كۈلگەن ئورمان ناۋاسى
تېزىپ چىقىپ يۇرەك - يۇرەكتىن
ئاقار ئەنە يىراق - يىراققا.
سۆيگۈ يۇدۇپ ماڭغان نار تۆگە
شەھەر تامان ماڭار ئالدىراپ،
پاكىز قولغا ئىنتىلىپ شۇنچە.
ئەنجۈر يېرىپ چىققان مۇھەببەت
پاك سۆيگۈمدىن ياسىدى غۇنچە.

4

خىيال سۇرۇپ ماڭىمەن ئاستا،
ئەگىشىدۇ قىلىچ كۆزىدىن
ئېقىپ چىققان مۇقەددەس ئەترە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپنە قىلماق ئەمەستۇر ئاسان،
جەننەت، دوزاخ تۇغۇلغان بىللە.
كەڭرى ساھىل ئىزدەيدۇ يۈرەك،
كوچىلاردا ئاقىدۇ ئىلھام.
شاراب ئىچىپ يىغلايدۇ كەچ كۆز،
ماتەم تۇتۇپ قەبرە بېشىدا.

**5**

خىيال سورۇپ ماڭىمەن ئاستا،
سۆگەتلەرگە يۆلىنىپ سۆيگۈ
خازانلارغا يازار ئۆزىنى.
قۇملۇقلارغا سىڭىدۇ تەكشى
قىلىچ تۇتقان سۆيگۈ ئېلانى.
قاچان - قاچان كېلىدۇ جانان؟
نەدە - نەدە ئۈزۈلدى رىشتە؟
جىرىڭلايدۇ ئاجىز قوڭغۇراق،
پىنھان مۆكۈپ ياڭرار ئىچىگە؛
شۇڭا سۆيگۈ رىشتىسى ھەرگىز
ئۈزۈلمەيدۇ، كۆچۈپ يۈرەكتىن
يۈرەكلەرگە تۇرار تۇتىشىپ.

## ئىككى شېئىر

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم

### ئاۋاز

ئەزەلدىن ئىچىمدە بىر قورقۇنچ بار،
بىر قورقۇنچ بار.
قاتىلدەك ياكى
قاچاق جەڭچىدەك
بىر ئاۋازدىن قورقىمەن شۇنچە،
قورقىمەن ئۆلۈپ كەتكۈچە تاكى.

سەۋەنلىكلىرىم تۇپەيلى،
قاچۇرۇپ بارچىدىن ئۆزۈمنى
مەنىسىز ئىشلارغا بېرىلەتتىم
دەھشەتلىك ئاۋازنى كۈتۈپ
ئۆيۈمگە مەھكەم بېكىنىدىم.

ئوغرى بولارمەنمۇ؟ . . .
ئالدامچىغا ئايلىنارمەنمۇ؟ . . .
ئىچىمدە قاتمۇقات تەشۋىش.
يېتىشەر ئارقامدىن قارا سايە
ئۆلۈم سايىسى ئىستەيمەنمۇ يا؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرزىم: تۇغۇلۇپ خاتا قىلغان!
ئەتراپقا ئەنسىز قارايمەن،
كىشىلەرگە سۇركىلىپ شۇركىنەرمەن،
ئاھ، بۇ سادا
تەڭرىنىڭ بوپقالسا. . .

مۇقەددەس سادالار يېتكەن،
پەيغەمبەرگە يەتمىگەن سادا.

## تۈن قوشىقى

شامنىڭ قىزغۇچ تىللىرى
يورۇتماقتا يۈزۈمنى.
نۇر ھالقىسى يۆگىشىپ
شورايدۇ ۋۇجۇدۇمنى.

قاراڭغۇدا ئىبادەت
داۋاملىشار دەخلىسىز.
كەلگىن، يارىم، تېپىمنى
تاپشۇرىمەن تەخىرسىز.
دەرەخلەرنىڭ سايىسى،
قاراڭغۇلۇق پاك - پاكىز.
قاراڭغۇدا روھىمنى
يۇماقتىمەن تەلتۆكۈس.

تىنىۋاتقان سۆكۆنات
تىۋشىدۇر تەڭرىنىڭ.
ئىللىق نەپەس ئۇرۇلار
ئەتراپىمدىن، تېنىمدىن. . .

ئۇخسىنىماقتا يۈرىكىم،
تەۋرەر قولۇم بەك ئاستا.
ۋۇجۇدۇمدىن ئىسسىق جان
ئاستا - ئاستا چىقماقتا.

يۇماقتىمەن تېنىمنى،
يوتقىنىمدىن سوغۇرۇلۇپ.
چىقتىم ئاستا يېنىڭدىن. . .
ئاھ، سۆكۆنات، سۆكۆنات!
گىرىمسەنلىك ۋەتەندۇر.
قاراڭغۇلۇق ئاقماقتا،
دەرەخ - كېسەل بىر تەندۇر.

دەرەخ! قولدۇر قۇدرەتلىك،
بوغۇزۇمدىن بوغماقتا.
ئانام يىگەن تولغاقتا،
ۋەتەن مېنى تۇغماقتا.

شېئىرلار

ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى

## باياۋان

1

چېقىلارمەن تاك قىلىپ چەكسەڭ،
جامالىڭنى كۆرسەتەر ئەمما
تولۇق قىلىپ ھەر بىر سۇنۇقۇم.
ئەگەر ماڭا قىلماق بولساڭ سۆز،
ئېغىزىڭ ھېچ مىدىرلىمىسىمۇ،
نېمە دېمەكچىسەن
ئاڭلاپ بولار ھەممىنى قۇلۇقۇم.
كېلەر بولساڭ
كېلىشنى ھەم قىلساڭ خىيال،
يۈرىكىم
بولار دەرھال يولغا ئايلىنىپ.
كۆرۈشۈشنى ئىستەيمەن
كەلمەيسەن ئەمما.
سۆيۈشنى ئىستەيمەن
سۆيمەيمەن ئەمما.

2

قانچىنچى ئادەممەن بۇ ئالەمدە،
تۇغۇلغان يەنە قانچىنچى بولۇپ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلمەيمەن كۆكسۈمدىكى
شۇ كىچىك يۈرەك
قاچان قالدى
بۇ ئۇلۇغ ئوتلارغا تولۇپ.
تىكىلىمەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق
ئۆزۈم بىلمىگەن خىيالىمدىكى بىر يولغا.
شۇ يولدا كېلەر
يۈرىكىمدىكى ئوتنىڭ تىلىنى ئۇققۇچى.
تەنلىرى گۆش، بىزگە ئوخشاش
بىر ئادەم تۇرۇپ
شۇ ئوتلارنى يۇتۇپ ئۆتكۈچى.

3

دېيەلمىگەن گەپلىرىم تولا،
سورىسا بىرەرسى دېمەيمەن ئەمما.
ماڭمىغان يوللىرىم تولا،
ماڭ دېسە بىرەرسى ماڭمايمەن ئەمما.
ئېچىلمىغان سىرلارنىڭ ئېچىلمىغىنى خوپ،
كېيىن
ئۆلۈمنىڭ تۇنجى كېچىسى،
چۈشەندۈرگەي مېنى، يۈرىكىمنى
شۇ دېيىلمىگەن گەپ
شۇ ماڭمىغان يول
ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

## 4

سالام خەتلىرىڭنى كۆيدۈرمەكچىدىم،
خەتلىرىڭ كۆيدۈردى ۋە لېكىن مېنى.
كۆل قىلدى كۆز يېشىمدىڭ مەغرۇرلۇقىمنى،
ئاھلىرىڭ ئۆلتۈردى بۇ يۈرىكىمنى.
ئۆزۈمنى كۆيدۈردۈم، ئۆزۈمنى خالاس،
خىيالىمدا سەن يەنە غالىب.
سېغىنىشىم كۆكىدە شاھسەن
مېنى قىيناپ تۇرغان شۇنچە ئاجايىپ.

## خوتۇن

يىلانلىقىڭغا ئىشەنمەيمەن، خوتۇن،
نەشپۈت چېچىكى ئەمەسسەن يەنە.
پەقەت
بالىلىق فانتازىيەمدىكى بارسا كەلمەس يول
سەندە ئايان بولۇپ قالار بەزىدە.

ھەر قېتىم سەن ھەققىدە يۇگۇرتسەم قەلەم،
شۇمۇپ كېتەر يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسىنى
رەھىمسىز ئىلھام،
مەن خالىمىغان قۇرلار
ئۆزلۈكىدىن كېتەر تۇغۇلۇپ،

تالانتىمنى قەرزگە بوغۇپ،
خوتۇنۇم
چۈشىنىكسىز بىر هايۋان ئورماندا ياتقان.
بەزىدە ئاهۇدۇر، بەزىدە
بوپقالىدۇ يولۋاستىن يامان.
كەلمەكتىمەن ئورماندا
خوتۇنۇمغا قاراپ
مەنمۇ گويا بولۇپ بىر هايۋان.

هەي خوتۇن،
بىلىمەن گۇناهىڭ يوق
شېئىر يېزىپ تىللاپ يۈرگۈدەك.
لېكىن چۈشەنمىدىم
ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىدىن
ئەڭ يامان كۆرگەن نەرسىسىگىچە
تىللاپ تۇرىدىغان نەرسىكەن يۈرەك.

## دەرەخلەر شەرھى

كۆكلەپ كىرىمەن كارىۋىتىڭ تامان
يوشۇرۇپ قويىمەن سايەم بىلەن
كېچەڭنى
چۈشۈڭنى
سەن يوشۇرالمىغان.

ياپرىقىم كۆكلەيدۇ خىيالىڭ بولۇپ،
يارىڭنىڭ لېۋىدەك شىرنىگە تولۇپ.
ئارام ئېلىپ ئۆتەر ئۇنىڭدىن ھەسەل ھەرىسى
ھەسىلى ئۇغرىلانغان.

كارىۋىنىڭغا چىقمەن يەنە،
قوچاقلايسەن يىپىرلغان تېنىمنى،
سۆيسەن قاناستىن سوغۇق لېۋىمنى،
ھېچقانداق بىر قىز بېرەلمەس ئەمما،
ئۇنىڭدىكى لەززەتلەرنى ساڭا.

دەرەخمەن
ھەسرىتىڭدىن كۆكلەپ چىققىدىغان.
قىشتا قەلبىمنى قارلاردا پاكلاپ،
كاچكۈللاردىن باھار يېتىلەپ چىققىدىغان.

## يالىڭاچلىق

ئەڭ ئېسىل كىيىملەر، قات - قات بىنالار،
گىلەملەر، ساپالار،
ئورمانلار
ۋە يەنە ھەر خىل رەڭ،
كۆلكە - يىغا

ۋۇجۇدۇمنى تورار يوشۇرۇپ.
بىر كۆز باردۇر لېكىن يىراقتا.
توسقۇنسىز ئالدىمغا كېلىدۇ بۆسۇپ.
تۇربدۇ روھىمنىڭ يولىنى توسۇپ.

ئۇنۋان ۋە ھەر خىل پەلسەپە فورمۇلىلىرى
ئارقىلىق ئورنىمەن تېخىمۇ چىڭ يوشۇرۇنۇشقا.
بىر كۆز باردۇر لېكىن يىراقتا
فورمۇلىلارنى تىنماي قىلىدۇ بەربات،
بىر سۈزۈك ئەينەككە ئايلىنار ھايات.
ئوخشاپ قالىمەن بىر بېلىققا،
بېلىقداندا يۈرگەن پىلتىڭلاپ.
دەيمەن نەقەدەر غەيرىي بۇ ئىنسان،
تىنماستىن ئۆزىگە ياسايدۇ زىندان.
ئۇرۇنار ئۆزىنى ئوراشقا قات ـ قات،
كىمنىڭدۇر كۆزىدىن قويماققا پىنھان.

تەقدىرنىڭ ئالدىدا لېكىن يالىڭاچ ئۇ،
گۈلخاننىڭ ئالدىدا لېكىن يالىڭاچ ئۇ.
دېڭىزنىڭ ئالدىدا لېكىن يالىڭاچ ئۇ،
شېئىرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ يەنە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىر تال ياپراق

ئابلاجان مۇسا

سوغۇق كېچە،
چۆلدەرەپ تۇرىدۇ ئادەمسىز كوچا.
غېرىبلىق
لەيلەپ يۈرەر كوچىدا.
دەھشەتلىك سوغۇقتا زارلىنار ياپراق،
ياپراقنىڭ مۇزلىغان يۈزى
رىتىملىق ئۇرۇلار
بىھوش شاخلارغا.
سوغۇق كېچە،
چۆلدەرەپ تۇرىدۇ ئادەمسىز كوچا.
ئادەملەر ئۇيقۇغا كەتكەن ئۇشبۇ دەم
لېكىن ياپراق
مۇڭلۇق كۈي ئىلكىدە لەيلەر كوچىدا،
پەرۋا قىلماس ھېچكىم ئۇنىڭغا.
سوغۇق كېچە،
لەيلىتەر ياپراقنى يىراق ۋە يىراق،
ئۇ بەلكىم كېلىدۇ روھىم يېنىغا.
سوغۇق كېچە،
چۆلدەرەپ تۇرىدۇ ئادەمسىز كوچا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يىراق شەھەرگە خەت

ئابلىز ئوسمان

ئاسمىنىڭدىن ئۆتتى قۇشلىرىم،
كۆرۈپ قالدىم سىنى مەن غىل-پال.
ئاشۇ خىلۋەت كوچىلىرىڭدىن
ئۇچۇپ كەلگەن تونۇش بىر ئاۋاز
قۇشلىرىمنى توختاتتى دەرھال.
چاڭگىسى بار قۇشۇمنىڭ سەندە،
قەدىم پەينى توزۇتار شامال.
كۆرۈپ تۇردۇم جىلۋىلەر ئارا،
مەڭگۈلۈك بىر چۈشسەن ئېھتىمال.
مەن بىلىمەن شۇ تونۇش سادا
ئاڭا تەبىر بېرەر بىمالال.
كونا ئۇۋا نەقەدەر ئىسسىق،
روھىم ئۇندىن ئىزدەيدۇ ۋىسال.
كۈنلەر ئۆتۈپ يەنە بىر كۈنلەر،
ئاۋاز كەلگەن تونۇش كوچاڭغا
يۇلتۇز بولۇپ چۈشەرمەن بىر تال.

# يەتتىنچى قەۋەت، بويناق

ئابلىكىم ھەسەن

كۈن كۆرۈنەر تۆت چاسا
بۇ يەتتىنچى قەۋەتتە .
ۋاقىت ئېلىشىپ قالغاندەك
ھە دېسە
سول تەرەپتىن ئوڭ تەرەپكە ئۆتمەكتە. . .

ئەخلەتتەك كىتابلار،
كۈلدان،
قەلەملەر
( يا ئېلىشى بارمىكىن؟ )
بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ
يېپىشتى ھەم ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر قىسمىغا
ئايلاندى.
مۇزدەك تىزىمغا ئېگەكنى تىرەپ
سېغىنىمەن ئۆچىنچى قولنى.
ئۇ بوينۇمنى،
بارماقلىرىمنى
سىيپىسىدى،

بوش چىمدىسىدى،
ئۇ چېكىپ ئاشىسىدى روھىمنى تولۇق. . .

گاھىدا ئىلاھىي نەزىرىم بىلەن
قارايمەن چىۋىننىڭ ئۇچۇشلىرىغا.
ئۇمۇ مېنى ئۆز كۆرۈپ
قونۇۋالار قولاقلىرىمغا.

بويتاقلىقىم كۆل تەكتىگە
كۆمۈلگەن چوغدەك
جىمغىنە ئىللىقلىق تارتىدۇ جاھانغا
ۋە روخسەتسىز يىراقتا
پەرىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماقتا. .



# خوش قال، دوقمۇش

ئابلىمىت ئابدۇلباقى

خوش قال ئەمدى يېگانە دوقمۇش،
ئاق يېغىندا، ئېھ دەرەخ بىلەن. . .

يۆتكەلگەندە مەيۇس قەدىمىم،
قاراپ قالدىم يېنىش - يېنىشلاپ.
ئەسلىمەمدەك جىمجىت بىر سەھەر،
يۈرىكىمنى پەقەت بىر ساڭا،
قويغاندەكلا مەڭگۈ بېغىشلاپ.

خوش قال ئەمدى يېگانە دوقمۇش،
خوش قال ئەمدى ئازابلىق بەخت.
ئىزلىرىمدا مەۋجۇتسىز سايە،
بىلدۈرەلمەس يالغۇزلۇقىڭنى.
ئەسلىگۈم بار ھەممە - ھەممىنى،
چاك - چاك بولاي دېگەن كۆزۈمدىن،
تۆكمەكچىمەن ئىسسىق يېشىمنى.

بەخت نېمە؟ گۇمراھچە سۆيۈش،
سۆيۈش نېمە؟ ئېتىقاد پەقەت.

سەندە قالغان ئۆپۆشلىرىمنى،
ئەسلىيەلمەس نۇرسىز مۇھەببەت.

خوش قال ئەمدى يېگانە دوقمۇش،
ئاق يېغىندا، ئېھ دەرەخ بىلەن.



# قەشقەردىكى يەر شارى

( داستاندىن پارچە )

ئادىل تۇنىياز

## قۇشلار

ۋەتەنسىز قۇشلار
پەسىللەرگە ۋەتەن دەپ يىغلار.
سەرسان شامال كۆتۈرۈپ يۈرەر
غازىڭنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ.

غېرىبلىقتەك
ئېگىز بىنا.
قوشنا ئۆيدىكى ئادەم.
تام.
ئىككىنچى قېتىملىق ئۆرپ - ئادەت.

توي.
ناتونۇش دەپنە مۇراسىمى.
قۇشلارنىڭ يېشى.
ئەينەك غېرىبلىق.
قول يەتمەس ئىشىك.

كارۋات.
قاچقان ئۆيقۇ.
ئوچۇق دەرىزىدىكى
ئاپئاق ساڭگىلاپ تۇرغان
ۋەتىنىنىڭ مۇزلىغان قولى.
غەم تولغان كۆلدان.
ئايروپىلان.
دېڭىز.
قۇشلارنىڭ يېشى.
ھەممە يەردە يات ئادەم.

مەيلى تۇر پارىژنىڭ گۈزىلى بىلەن،
يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ ئەمەستەك كۆلكەڭ.
ئەسلەيسەن نەم قىلىپ قولياغلىقىڭنى.
ۋەتەندە دەردىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ دەردى،
ۋەتەندە يىغاڭمۇ ئۆز تىلىڭ بىلەن.
مىليونېر بوپكەتكىن بەرىبىر يەرلىك —
قەلەندەر ئالدىدا بىر كەپەڭمۇ يوق.
ھەر كىم باقالايدۇ كۆزۈڭگە سوغۇق.
مەيلى سەن شاراب ئىچ ئالتۇن قەدەھتە،
بىر كۆپۈك چىقسىلا ئۈستىگە لەيلەپ
ئوقۇساڭ يېزىلغان ۋەتەن دېگەن خەت.
بېرلىن ئاسمىنىدا كۆرسەن ھەر كەچ
جىمىكى يۇلتۇزدىن ئۇيغۇر كۆزىنى.

مۇقەددەس بۇۋى مەريەم چىركاۋى
كۆرۈنەر سەن ئۆسكەن تار كوچىدىكى
كىچىك بىر مەسچىتتەك ئۇيغۇرۇك سالغان.
ھەج قىلىپ مەككىگە بارساڭ مۇبادا،
تۇيۇلار يۇرتۇڭدا قالغاندەك خۇدا.
مۇبادا دوراختا بولسىمۇ ۋەتەن،
مەڭگۈ بىر مۇھاجىر جەننەتكىمۇ سەن.
ۋەتەن، ئىھ ۋەتەن،
چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى،
چىرايلىقتۇر ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم.
گۆھەردۇر، ئالمىدۇر، خۇش پۇراق گۈلدۇر،
ۋەتەن دالىسىدا كۆرگەن توك تېزەك.
ئەيسادۇر، مۇسادۇر يۇرتۇڭ ئادىمى،
يات يۇرتتا تۇغقانمۇ تۇيۇلماس دوستتەك.
ۋەتەندە بىر ناتونۇش بالا
يۈگۈرۈپ ئۆتكەن بولسا ئالدىڭدىن
يۈز يىلدىمۇ چىقماس يادىڭدىن.
تىللاپ سالغان بولسا ئىلگىرى
ئۆز ئېلىڭدە ئۆز تىلىڭدا ئۆز؛
تاپالمايسەن دۇنيادا ھازىر
شۇ تىلدىنمۇ گۈزەلرەك بىر سۆز.
شېئىرىنى ئوقۇساڭ بەزەن
گېزىتلەردىن پاز يا تاگورنىڭ؛
تېتىمايدۇ ساڭا ئۇ قىلچە،

ئۆز يۇرتۇڭدا ئۆيتقان قوشاقچە.
ئۆزاتقاندا ئەزرائىل بىر كۈن
دەستە تىزىپ ئۆلۈم گۈلىدىن،
سەن ئۆزۈڭگە توقۇيسەن كېپەن
ۋەتەندىكى خىياللار بىلەن.
يات تۇپراققا كۆمۈلگەندە سەن
كۆمۈلىدۇ قەلبىڭگە ۋەتەن...

سىغىنغاندا قەشقەرنى
چەت ئەلدىكى ھەر بىر مۇھاجىر
شۇنداق يازار خەت يازسا ئاخىر.

## چەكسىز نۇر

قەشقەردىكى ئايالار
قەشقەردىكى ئەرلەرنىڭ چۈشى.

تاپىنىڭ نۇر، قاناتلىرىڭ نۇر،
كۆلەڭگەڭ نۇر، يوپۇرمىقىڭ نۇر
ئاۋازىڭ نۇر، خۇش پۇرىقىڭ نۇر.
بارچە ئەرلەر چەكسىز سوزۇلغان
قاپقارالىقنى تاغ جىلغىسىدۇر.
قەشقەر گويا ئورمانلىق،
سەھەر سىنىڭ ئىزىڭ ئەمەسمۇ؟
ئويغا چۆكسەڭ خىيالىڭ گۈگۈم،
تۈن كېچىلەر چېچىڭ ئەمەسمۇ؟

ئاڭلىنىدۇ خىلۋەت تېنىچلىقتىن
شىلدىرلىشى بۇلاق سۈيىنىڭ.
تېنىڭ مۇنبەت ئېكىنزار گويا
گۈل ئېچىلغان پۈتلىرىڭ ئارا.
سەن بولىسەن كىچىك ئالەملىق،
سەن گويا كى سوزۇق مۇزىكا.
سەن ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتە،
مەن ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقىتتا.
سەن گويا كى بىر تال چوقمۇلە،
مەنىسى يوق خەت يېزىپ يۈرگەن.
سەن گويا كى نامسىز چىغىر يول،
ئەرلەر دائىم ئېزىقىپ يۈرگەن.
ئايال، ئەر ۋە كەچتىكى كارۋات،
يېنىك، پىنھان چېلىنغان بەدەن،
ئۆپىرماس ساز، مەستخۇش مۇزىكا.
ئېھ، يالىڭاچ نومۇسچان خىيال،
ئېھ، ئۆزىنى يوقاتقان دۇنيا،
نەرە تارتقان قىلىچلىق ئەرلەر
قان ئىچىگە يىقىلار بىر - بىر،
قۇل بولىمىز ئاستا بەك ئاستا.
ئۇ بىر ئايال مۇلايىم قاتىل،
ئەر ئۆلىدۇ نەيرەڭ بىلەنلا.
ئايال، ئېھ ئايال،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايال، ئايال، يوللاردا ئايال،
ئەبەدىيلىك نۇرلاردا ئايال.
بۇ ئالەمنىڭ غېرىبلىقىدىن
قۇتۇلۇشقا تاپالماي ئامال،
ساڭا موھتاج بولدۇم ئېھ، ئايال.
بىر جۈپ گۈزەل ئالتۇن كەشنى مەن
كۆمۈپ قويدۇم شېئىرلىرىمغا.
ۋە ئالتۇندىن ياساپ بىر كىشەن
كۆمۈپ قويدۇم شېئىرلىرىمغا.
غېرىبلىقنىڭ سوغۇق نۇرلىرى
چاقناتماقتا مېنى خانەمدە.
ئاھ، جىمجىتلىق،
سەن بەك ئېغىر قىز،
مۇزلىغان تېنىڭ.
رەسىمدىكى ئايال چولپاننىڭ
كىيىملىرى نېپىز بەك نېپىز.
توساتتىنلا مىدىرلاپ تامدا
يېشىۋەتتى باغىرىدىقىنى،
ئاندىن، ئاستا - ئاستا. . .
بىر ئوغۇل بالا،
قوش قولىدا سىقىمداپ
ھېچ كىشىدىن قىلماستىن ھايا
ئانىسىنى ئەممەكتە تازا.

چەكسىز ئايال.
يات مەدەنىيەت.
ئىشىكسىز كوچا.
مۇنچىدىكى قىزنىڭ يوتىسى
نۇر چاچىدۇ ئەرلەر شەھىرىگە.

سانسىزلىغان ئىزنىمىز قالدى،
تالاي كەچتە ئاشۇ كوچىدا.
بەردىم گۈزەل كۆپ سۆكۈتلەرنى،
بىرلا سۆزنى بەرمىدىم ئەمما.
ماڭغىنىمدا بىرگە سەن بىلەن،
يوق تۇيۇلار ياكى سەن يا مەن.
خىيال دەيمەن ئىشەنگۈم كەلمەي
ئىككىمىزدىن بىرسىمىز جەزمەن.
خىياللىرىم سەن ھەققىدىكى —
پارە - پارە سۇنغان ئەينەكتۇر.
ئاۋازىڭ بار، يوقتۇر ھېچنېمەڭ،
بار پەقەتلا تاللا - تاللا نۇر.
كۆزۈڭدە لىق بىر كوزا سۇ بار،
قىينىپ - قىينىپ ئىچىپ بولۇپلا
چىقىشۇتكۈم كېلىدۇ دەرھال.
بار سىنىڭدە نازۇك بىر يۈرەك،
تەكچىدىكى جانان چىنىدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەيمەن ھېچكىم تەگكۈزمىسۇن قول،
ئۇ چىنىگە مېنىڭدىن بۆلەك.
سەن مەن ئۈچۈن بىر پارچە شېئىر،
ئىزدەيمەن ئۇنىڭدىن پىكىر،
بار پەقەتلا تاتلىق ھېسسىيات.

قەشقەردىكى ئاياللار
ئەرلەر قورغان دۆلەتتە ياشار،
يوق مۇستەقىل پادىشاھلىقى.
چۈشۈرىدۇ تەختتىن ئۇلار،
ۋە شاھ قىلار خالىسا سېنى.
بەرگەن چاغدا ئۇلار ھېسسىيات،
ئايلىنىدۇ ئەرلەر شائىرغا.
ئېرىشىدۇ نوبېلغا ھەتتا.
ئەگەر ئۇلار قىلمىسا ئىنساپ،
ئايلىنىدۇ ئاقىل ساراڭغا.
كىردى ئۆيگە ھارغىن مۇئەللىم،
چايغا ئوخشاش ئىسسىق بىر ئايال
ئېلىپ كىردى پىيالىدە چاي.
قايتتى ئۆيگە كاۋاپچى يىگىت،
ئاغىچىسى چىقىپ خۇش چىراي
قوللىرىغا سۆيدى ئېگىشىپ.
رومان يازار يازغۇچى ئەختەم،

ئورىگىنالنى رەتلەپ خانىمى
كۆچۈردۇ ياندا پەم بىلەن.
ھەسرەتلەنسە تارىخچى بوۋاي،
مومىيىمۇ چېكەر بىرگە غەم.

كوچا ـ كوچا ـ يەنە بىر كوچا،
بىر توپ ئايال چۈشكەن پاراڭغا.
— ئاڭلىلىمۇ چىرايلىق قوشنام،
گۈللۈك، نېپىز قەغەزدەك ئىشتان
ئەنقەرەدە بوپتۇمىش مودا.
— قىزنىڭ قېشى شالاڭمۇ نېمە؟
باردىلىمۇ ئاخشامقى تويغا.
— چېچەن دېگەن ئاشۇ ئەخمەق خەق،
تەنگە سىڭگەن نېنىنى يېمەي
ئۆرۈش قىپتۇ دەيدۇ يېقىندا.
— ئەر چىقماپتۇ سەنئەتچى قىزغا.
. . .

غەمكىن شائىر يوللايدۇ سالام
پۈتكۈل قەشقەر گۈزەللىرىگە.
ھېيتگاھتا نان تىلەپ يۈرگەن
يۈزى تارىخ مىسكىن مومايغا.
لەڭپۇڭچىغا، ئاشپەز ئايالغا،

ئۆپكە ـ ھېسسىپ ساتقۇچىلارغا.
ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ
ئاياللار بۆلۈمىدىكى
ھەر بىر بىمارغا.
توپا باسقان يوللاردا كېتىۋاتقان
تۆت پەسىلنىڭ باغچىسى بولمىش
گۈزەل بەدەنلىك قىز ـ جۇۋانلارغا.
سالام بېرەر ئوتتۇرا ئاسىيا،
سالام يوللار بىپايان دۇنيا
قەشقەردىكى قىز ـ ئاياللارغا.

مەپە ۋە شەھەر.
ئاق قاشقىلىق ئاتنىڭ كۆزىگە
چۆكۈپ كەتتى قۇياشلىق شەھەر.
ئادەم ۋە ئالەم
يارىتىمدۇ ئۆز تارىخىنى
ئېقىپ كەتكەن يۇلتۇزغا قەدەر.

يەر شارىنىڭ بىر بۇرجىكىدە
نۇرلانماقتا قەدىمىي قەشقەر.

# تىپتىنچ سەيلىگاھ، باغنىڭ ھۆسنىدە

ئالىمجان ئازات

تىپتىنچ بىر دۇنيا
قۇشلار ئۇزىغان،
ياپيېشىل پەرەنجە ئاستىدا بىر چۈش.
زەررىچە جىلۋىسى چىرماپ ئىزىمنى،
سىڭدۈرەر تېنىمگە تەلۋە بىر كۆيۈش.
قايتقىنىم ئېسىمدە بىر چاغ يار بىلەن،
مۇشۇ باغ، چىمەندىن ھاياتنى سۆيۈپ،
تۇرىمەن ھازىرمۇ
تەنھا مەن بىراق،
بىر ئوتقا باغلىنىپ
يالقۇنلاپ كۆيۈپ.
قالدىمۇ باغرىڭدا قۇشلارنىڭ ئۈنى،
قالدىمۇ ھۆسنىڭدە چوغلانغان قۇياش؟ . . .
بىقارار ئارمىنىم تەلپۈنۈپ ساڭا،
ھەر تۇندە كۆزۈمگە تولدۇرىدۇ ياش. . .

تىپتىنچ سەيلىگاھ، سۈزۈك ھۆسنىڭدە،
سۆز بېرىپ ئۆزۈمگە
ئىزدەيمەن سېنىڭدىن ئۆزۈمنى شۇنداق.

كۆڭلەرنىڭ بىرىدە
بېرەرسەنمۇ يەنە بىر تۈز يول،
دىلدار ئىككىمىز
بوسۇغاڭدا تەلمۈرۈپ تۇرساق؟ . . .

تىپتىنچ دۇنيا، قۇشلار ئۇزىغان،
ياپىيېشىل پەرەنجە ئاستىدا بىر چۈش. . .



# يوچۇن شەھەر خاتىرىسى

ئالىمجان ياسىن

كەڭ، پايانسىز كەتكەن چۆللۈكنىڭ
ئوتتۇرىسىدا بىر سۇ تۈگمىنى
چۆرگىلەيدۇ قۇرۇق ۋە قۇرۇق.
ھېچكىم بارماس ئۇ يەرگە پەقەت،
ئۇن تارتقىلى ھەتتا دېھقانمۇ
ئەمما تۈگمەن قۇرۇپ قويۇقلۇق.

ئوگۇت باردەك قىلىدۇ ئەمما
ئەتراپىدا دۆۋە - دۆۋە قۇم
كۆپىيىدۇ كۈندىن- كۈنسېرى.
دەريا يوقتۇر ئۇ يەردە لېكىن
بۇلاق يوقتۇر كۆلمۇ، ئېرىقمۇ
توختاپ قالماس ئۇ سۇ تۈگمىنى.

ئۇچۇپ ئۆتمەس ئۇ يەردىن بىر قۇش،
بېرىپ قالماس ياۋا توشقانمۇ،
ئۆتۈپ قالماس ھەتتاكى كارۋان.
مەۋجۇت پەقەت بىر سۇ تۈگمىنى
ئەسىرلەردىن بۇيان توختىماس
ئۇچراتمىغان ھەتتا ماگىلان.

www.uyghurkitap.com

كەڭ، پايانسىز كەتكەن چۆللۈكنىڭ
ئوتتۇرىسىدا بىر سۇ تۇگمىنى
چۆرگىلەيدۇ قۇرۇق ۋە قۇرۇق.
ھېچكىم بارماس ئۇ يەرگە پەقەت،
ھېچكىم بىلمەس گۈزەل شەھەرنىڭ
ئۇستىگىلا قۇرۇپ قويۇقلۇق. . .

## ئىلگىرى بۇ جايدا ئاققان بىر دەريا

ئايبېك ئۆمەر

ئىلگىرى بۇ جايدا ئاققان بىر دەريا،
چۆلدەرەپ قاپتۇ بەك سۇيى تارتىلىپ.
سۇكۇتتە ياتسىراپ ياتقان ساھىلىنىڭ،
ئاھ ئۇرغان تىنىقى قالدى ئاڭلىنىپ.

چايكىمۇ تۇيۇقسىز كەتتى يىراقلاپ،
سىردىشى پەقەتلا سەرگەردان شامال.
ئۇ ئۇزاق مۇزلىدى باغاشلاپ ھىجران،
قىلماقتا رەھىمسىز شۇئۇرغان قامال.

تۇنجى رەت سۆيگۈنىڭ ئىزنالىرى يوق،
قاراقلار بولدى نەم تۇرىمەن تەنھا.
سۆيگۈنىڭ دەرياسى ئاققان ئىلگىرى،
دولقۇنلار يېنىشلاپ سۆيگەن قىرغاقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شېئىرلار

ئەخمەتجان ئوسمان

## يىلان مېھرى

( نەسرىي شېئىر )

بۈگۈن يەكشەنبە.

پۈتۈن كىتابلىرىم كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى، ئەسلى بۇ ئىش مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن يۈز بېرىشى كېرەك ئىدى، ئىرسىي كېسەللىكلىرىم شۇنىڭدىن بولغان. ئىسىم مېنى ئۆزىگە مەجبۇرىي تاڭغان كۈنى ئاۋاق كۆلەڭگەمنىڭ تاكى ئەڭ يىراق يۇلتۇزنىڭ قاراڭغۇ بۇرجىكىدە سەكرەپ يۈرگەن چېكەتكىگىچە سوزۇلغانلىقىنى بايقىغانمەن. پۇشايمان قىلىشنى ماڭا دادام ئۆگەتكەن، چۈشۈمدە ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۆزۈمنى ئانامنىڭ تۆشىكىدە كۆرۈپ، ئىككى كۆزۈمنى ئويۇۋالدىم. ئانامنىڭ يىغلىغىنى ئىسىمدە يوق، گۇناھ قوڭغۇرىقىنىڭ قۇلىقىم تۈۋىدە چېقىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

ئىككىنچى رەت ئىسىمگە كەلسەم —

تۈتۈق روجەكتىن سىرغىغان گەۋدە،

سانجىلار ئاڭا يالقۇننىڭ تىلى.

كۆيەر نىقابىم ئۈستىدە مازار،

ئۈنلەپ ئاغزىمدا ئىلاھىي زىلى

قەدەملەر ئۆلگەن پىنھان رەستىنى بويلاپ.

شەھەرگە كىرىپ كەلدىم. تېنىمدىكى جاراھەتتىن ئۆركۆپ تىرىلگەن ئاشىقتەك بېھىشكە قاراپ ئۆرلىگەن ئىمارەتلەر، مەيدانلاردا تۇزان باسقان مىس ھەيكەللەر، مەرپەت باغلىرىدىن ئۇچۇپ چىققان مېتال قۇشلار، بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىشقان سايىلەر، رەستىلەردە، فابرىكىلاردا، شېئىرىيەت كېچىلىرىدە، ياشلار باغچىسىدا، شاھ ئوردىسىدا قەبرىسىز قالغان ئىشچان مۇردىلار مېنى قايتا ئىسىمگە كەلتۈردى. تۇساتتىن كەينىمدە ئىككى نەرسىنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ قالدىم.

مۇردا: (ئەخمىقانە كۈلۈپ قويۇپ) ئالدىمىزدىكى بۇ مەخلۇق ساراڭمۇ نېمە؟ ۋوگزالدا تۇرغىنى بىلەن نېمە خىيالدا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغۇ؟!

ئىككىنچى مۇردا: تېز كېتەيلى (سەپدىشىنىڭ قولىدىن تارتىپ). پويىز ۋوگزالغا كىردى، بۇ پويىزدىكى بىز كۈتۈۋالماقچى بولغان مېھمان بىزنى ئۆيدە ئۇزاق ساقلاپ كەتمىسۇن يەنە!

ئىككىسى ۋوگزالدىن پەرۋانە ئاتەشكە ئېتىلغاندەك چىقىپ كەتتى، بېشىمنى كۆتۈرسەم تۆۋرۈككە ئەيسادەك ئېسىپ قويۇلغان چوڭ سائەت كۆزۈمگە چېلىقتى. مەنگە ئوخشاش كېلەڭسىز ئىستىرېلكىسىغا مەن ئانچە پەرق ئېتەلمەيدىغان م ئە د ئە ن ئى ي ئە ت دېگەن ھەرپلەر چاپلىشىپ قالغان. مېنىڭ غەزىپىمنى كەلتۈرگەن بۇ سائەت ـــ

ئىسىمگە سالدى شەيتاننىڭ لاۋۇلىق چېھرىنى قايتا،
قۇياشنى تون بىلەن يۆگىغان يىلاننىڭ مېھرىنى قايتا.

مەن سائەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىشىمنى نەدىن بىلەي؟ توختىماي يۈگۈرىمەن، ئىستىرېلكا كەينىمدىن قوغلايدۇ. . . ئادەم ئاتامنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نېمىشقىمۇ يارانقان بولغىيدىڭ، ئەي تەڭرىم؟ توختىماي يۇگۇرىمەن، ئىستىرېلكا كەينىمدىن قوغلايدۇ، ھابىلنىڭ ئۆچى بوغدىمۇ سېنى، ئەي قابىل؟ قوينى بوغۇزلىغۇچە ئىسمائىلنى بوغۇزلىساڭچۇ. ئەي ئىبراھىم؟ ئەيسانى كرېستتىن كىم چۈشۈردى يەھۇدانىڭ خائىنلىقى بىكارغا كەتتىمۇ؟ توختىماي يۇگۇرىمەن، بۆرە قانداق قىلىپ ئىتقا ئايلىنىپ قالدى؟ ئىستىرېلكا كەينىمدىن يۇگۇرىدۇ. . . مەست كېمە قانداق قىلىپ دېڭىز قەبرىستانىغا كىرىپ قالدى؟ ماياكلار يانمايدىغۇ؟ يۇگۇرىمەن ئەسىرلەر سازلىقىدا پاقىلارنىڭ تۈگىمەس ناخشىسى مايمۇنلارنى ئۇسسۇلغا سالىدۇ، مېنى نەچچە مىڭ يىل ئۆمۈرگە مەھكۇم قىلغان تەقدىرنىڭ ئانىسىنى خەپ، ئىستىرېلكا قوغلايدۇ، زەردۇشت شۇنداق دېگەن بولسا، مېنىڭ نېمە كارىم؟ فرېئود بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ياشىسۇن! ئىستىرېلكا، چىدىيالمىدىم، يۇگۇرىمەن، كەينىمدىن، توختىماي. . .

تاماكامنى تېخى چېكىپ بولالمىدىم، نېمانچە ئالدىرايمەن؟ ئۇ مېنى چوقۇم كۈتىدۇ، ياق، ئىستىرېلكا ئەمەس، مېنىڭ سۆيگىنىم كۈتمىسە مەيلى، شېئىر يازىمەن، شېئىر دېگەن نىمە؟ بۈگۈن نورۇز بايرىمى، ياق، راسا موخۇركا چېكىشىدىغان كۈن، ئۇنى كۈتمەيمەن، ئۇنتۇپ كەتتىم، ھەممىنى ئۇنتۇش كېرەك، ھاياتلىق ئىشىكىدىن ماماتلىقنىڭ بىپايان دالاسىغا چىقىپ كەتسەم تېخى ياخشى بولاتتى، نەچچە قېتىم چىقىپ كەتسەم يەنە كىرىپ قالدىم. كىمدۇر دۇنيانى كېمە تاز دەيدۇ، تەنھا قېيىققا چىقىشىدىغان دوستۇم كۆيگەن دېڭىزنى سەيلە قىلماقتا. تاماكامنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالسا غەزىپىمنى باسالمايمەن، كوچىدىكى ئىشىكتىن كىرسەم قىسقۇچپاقا بىلەن

ئايپالتا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرىدۇ، ئىسمىنى بىسىقتۇرمىسام موخۇركىدىن ھۇزۇر ئالالمايدىغان ئوخشايمەن.

ئۆزۈمگە ئوخشىمىغان ئۆلۈم شەنىگە ناخشا توۋلاپ،
مەن ماڭغان چىغىر يولنىڭ ئاخىرىدا جىمجىت بولاقا.
پەيلىرىنى تۆكمەكتە كېچە. . .
ئەي كېچە، سەن چوقانىمغا ئۆرلىگەن دەريا!
ھەر قېتىم يايغىنىمدا يولتۇز تەشكەن يەلكىنىمنى
قۇياش جەرىنى يىتكەن دېڭىز ئىقلىملىرىدا،
سۆڭەكلىرىمدە تونىگەن قۇشتەك
پەرىشان ۋۇجۇدۇمنى ئەكېتەر دولقۇن. . .

يەنىچۇ. . . ؟ ياق، مېنىڭ تۇيغۇلىرىم بۇ ئەمەس، سۆزلەر ماڭا ئاسىيلىق قىلىۋاتىدۇ، شېئىر تۇيغۇنىڭ نىقابلانغان خائىنى، بۇ نىقابنى يىرتىپ تاشلاش كېرەك، شۇ چاغدىلا شېئىر يوقىلىدۇ، تۇيغۇ نىقابسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان نەرسە ئەمەس، شېئىر بولمىسا تۇيغۇ، تۇيغۇ بولمىسا شېئىرمۇ بولمايدۇ، تۇيغۇ تىلنىڭ جېنى، تۇيغۇسىز شېئىر ئۆلۈك تىلدىن ئىبارەت، تىل تۇيغۇنىڭ تار تېنى، شېئىر تۇيغۇنىڭ ئەركىن پەرۋازىغا ئاسىيلىق قىلىدۇ، تۇيغۇ سۆزلەردىن يارالغان، مەن نېمىلەرنى جۆيلۈۋاتىمەن ؟! تۇيغۇ نېمە، تىل نېمە ، شېئىر نېمە، بۇلار بىلەن نېمە كارىم؟ ئەڭ ياخشىسى ھاراق ئىچەي، تاماكا ئادىمنى قۇرۇق خىياللارغا بەند قىلىپ قويىدىكەن، تېخى ھېلىلا كىتابلىرىم كۆيۈپ تۈگىگەنغۇ! ؟ مېنىڭ تىل بىلەن نېمە ئالاقەم؟ جاھاننىڭ باش - ئايىغى بولمىغىنىدەك

تىلىنىڭمۇ باش ـ ئايىغى يوق، ئۇ ئالۋۇن، سېنى ئېلىپ كېتسە قايتىپ كېلەلمەيسەن، ئۇ پەقەت دۇنياغا قاتتىق تەلەپ قويىدىغانلار ئۈچۈن يارالغان، بۇ رومكا قالتىس جۇمۇ. ئاڭا قۇيۇلغان هاراق ـ

تاڭ نۇرىدا يۇيار ئۆزىنى
گۈل بەرگىدە شەبنەمدەك گويا.
ئۇ باللار كۆزىدىكى نۇر،
قەبرىلەردىن دەس تۇرغان دۇنيا!

هاراق شاماللىرى ئۇچۇرغان ئادەم قىيامەتتىن هالقىپ كېتەرمىش؛ ئەتە قىيامەت قايىم بولىدۇ، ئۇيقۇنىڭ ئىللىق قوينىدىن سىيرىلىپ چىقىپ، خۇدانىڭ پەرھىزلىرىدىن بىرى بولغان ناشتىغا ئۈلگۈرەلمەي، خىزمەتكە يۈگۈرىدىغان گەپ. تۇرمۇش ـ ئەي، سەن هايات ئوغرىسى!

## سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
داڭزىدا خېتىم قالدى.
خېتىمنى ئوقۇپ باقساڭ،
بەش بالام يېتىم قالدى.

1

چېقىلدى زېمىن
ئالقىنىدا تەڭرىنىڭ.
شۇ مۇقەددەس توزان ئىچىدىن
قوپتى سادىر.

2

— سەجدە قىل . . . !

يۈكۈندى سادىر،
ماڭلىيىنى ياقتى تۇزانغا.
كۆتۈرگەندە بېشىنى
غايىب بولدى تەڭرى شۇ ھامان،
چاقتى چاقماق،
گۈلدۈرلىدى ئەرشئەلا.
پەرىزاتلار
ئۇچۇپ ئۆتتى ئالدىدىن.
ئايىغىغا تۆكۈلدى نۇرلار،
كۆزلىرىنى يۇمدى بىر ھازا.

3

— ئاچقىن كۆزۈڭنى. . .
سالام بەردى ئاكا جەبرائىل،
ئېگىلدى سادىر
قوللىرىنى قويۇپ كۆكسىگە.
يايدى جەبرائىل ھەسەن - ھۈسەننى،
يۈرۈپ كەتتى سادىر ئۈستىدە
بىلدۈرۈپ ئاكا
مىننەتدارلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

4

ھەسەن - ھۈسەندىن
چۈشتى مىڭ ئۆيگە.
كارۋان
غايىب بولغان ئاللىبۇرۇنلا.
مىڭ ئۆي —
چۈشۈپ قالغان مىڭ قوڭغۇراق،
تۇرار ئىدى جاراڭلاپ.

5

ئۆگدىدى
قويۇپ بېشىنى گۆگۈمغا.
ئۇچۇپ كەتتى كېپىنەك
كىرپىكىگە قونۇپ بىر ھازا.
تېمىپ كەتتى ئۇنىڭ رەڭلىرى
قارىچۇقىغا سادىرنىڭ.
رەڭلەر:
باھار،
ياز،
كۈز،
قىش،
بەشىنچىسى —
پەسىللەرنىڭ پىنھانلىرىدا
يىتكەن پەسىل.

6

ـــ باللىرىم
چاچراپ تۇردى سادىر ئورنىدىن
تۆكۈلدى ئالقىنىغا
شاخلىرىدىن كېچىنىڭ
بەش يۇلتۇز.

7

موللىتوختىيۇزىدە
ئۇچراشتى ئاكا
قەبرە تۇسلۇك بىر بوۋاي.

ـــ سادىرمۇ سەن؟
كەل، ئوغلۇم
باللىرىڭنى كۆرستەي ساڭا.
بوۋاي
يېتىلەپ چىقتى ئۆيدىن
بەش ۋاخ نامازنى.

8

ئۇستىدە
سادىر يۈزىنىڭ
چىقىلدى بوغدا.
توۋلار ئىدى ئۇ:
ـــ باللىرىم... !

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

9

— دادا. . . !
يۇگۇرۇپ كەلدى ئالدىغا
كاۋاپدان.

كۆيدى زىختا پىژىلداپ
سادىر يۈرىكى.

قوشاق:
سادىر دەپ چۆچەك قالدى،
بىر ئوغلۇم گۆدەك قالدى.
ئوغلۇمدىن سوراپ باقساڭ
بىر زىخلا يۈرەك قالدى.

10

— دادا
ئۇچۇپ كەلدى ئالدىغا
شەپەرەڭ.

ئاستا - ئاستا ئۆچتى نۇرلىرى
سادىر كۆزىنىڭ.

قوشاق:
سادىر دەپ چىراغ قالدى،
بىر ئوغلۇم بوۋاق قالدى.
كۆزىگە قاراپ باقساڭ
بىر جۈپلا كاۋاك قالدى.

**11**

— دادا. . . !
يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا
جۇدۇن.

تامچە ـ تامچە مۇزلىدى
سادىر قانلىرى.

قوشاق:
سادىر دەپ باھار قالدى،
ئوغلۇمغا تۇمار قالدى.
ئوغلۇمنى كۆرۈپ باقساڭ،
بىر قاقشال چىنار قالدى.

**12**

— دادا. . . !
يۈگۈرۈپ كەلدى ئالدىغا
قەبرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەبرە تاشتا يېزىقلار:
«مىراس. . . مىراس. . . مىراس».

قوشاق:
سادىر دەپ نىدا قالدى،
بىر ئوغلۇم جۇدا قالدى.
ئوغلۇمدىن سوراپ باقساڭ،
بىر ئەكس سادا قالدى.

13

— دادا. . . !
لەرزان باردىم ئالدىغا،
غۇۋا لەپىلدەپ.
چۈشۈپ كەتتى قەبرە
چوڭقۇر ئىچىمگە.

قوشاق:
سادىر دەپ ئىتىم قالدى،
بىر بالام يېتىم قالدى.
بالامدىن سوراپ باقساڭ،
تېنىدە تېنىم قالدى،
جېنىدا جېنىم قالدى.

14

چېقىلدى قەبرە
سۆكۆتىمنىڭ تىرەن تەكتىدە.
تۆتەكلەرنىڭ ئىچىدىن
قوپتى سادىر.

15

— سەجدە قىل . . . !

## تۈنجى ناخشا

كىمكى ئۇ مەرسىيە كۈيىدەك قوپقان
كەڭ كۆلەملىك ئۈيقۇدىن؟ !
كىم ئۇ
تۇساتتىن
بۇ كېچىدە

تەسلىم بولۇپ تەن پاكلىقىغا،
چۇقانىغا ھەيرەتتىكى چېچەكنىڭ،
روھ سۈيىگە شۇ دەم چۆككەن ساپ ئالتۇننىڭ
يېشىللىنىشىنى تىڭشىغان ھالدا
دېڭىزنىڭ تاڭ شەپىقىگە قاراپ ماڭغان؟ !
كۆرمىدىم نۇر جۈيلۈشىنى سىر ساھىلىدا،

ئېيتمىدىمكى:
زۇلمەتلىك چوڭقۇرلۇقىمدا
سايرار ئۆلۈم تەسەۋۋۇرى تاڭ سەھەردە، دەپ،
دەرد مەستلىكىدىن
ئېلىپ ماڭدى مېنى غۇرۇر مەيسى،
سۈكۈتىمگە شەپقەت قىلدىمۇ
ئۇلۇغلىدىمۇ ئۇ مېنى ياكى؟
يۈرمەكتىمەن دەلدەڭشىپ يىراق
قۇياشنىڭ گۈڭگالىقىغا ماڭغان يايلاقتا
ھەم دوزخىم گۈللەنمەكتە سەرخۇش تاجىمدا.
گۇمانلىق نىقابىمنى تارتىپ يۈزۈمگە،
بېزەكلىنىپ تۇزنىڭ قېنىدا،
ئەي، تويلار پەرىشتىسى مېنىڭ پەرىشتەم،
كۆيلەيمەن سېنىڭ پارلاق سىرىڭنى!

## ياۋايى كاھىن

ئەي، ئوغرى. . .
يىراق شارابتا
كاپىتاننىڭ زىياپىتىدىن
سەدەپلەر بىلەن بېزەكلەنگەن ۋەھىي ئوغرىسى!
ئۇنى قانداق قويدۇڭ يىتتۈرۈپ
پۈتۈن ئەللەر سەردارلىرىغا سەن ئىمان بەرگەن
ئارقا دەريادا؟
سادىق ئىدىڭ ئەڭ بۈيۈك يالغانچىلىقتا. . .

ھەم دېڭىز يىلتىزلىرىدا شانلىق ئۆۋاڭدىن
ئۆلۈغلىنىپ كەلگەن ئاشۇ گۈزەل بوقىنى
قوغلاشماقتا شۇ دەم شەھەر، باغچىلاردا،
رېئالىست ئەپەندىلەر
پارلامېنت قىزلىرى
سىرنىڭ پۇختا تەبىرچىلىرى
قەسىدىنىڭ ئاستا ئۆلۈمى جەلپ قىلغان شائىرلار. . .
كۈنلەرنىڭ بىرى،
ئەينى شۇ كۈنى،
ياۋايى كاھىنغا بەكمۇ ئوخشىغان،
گاچا جەۋھەردەك،
ساپ ئاتەشكە ئورالغان يىلان
سېنىڭ ئۇلۇغ جىملىقىڭدىن چىققاندا ئېقىپ،
سوراققا تارتىلىسەن تەڭرىلەرنىڭ سوتىدا،
سېنى كەمسىتكەن ئۆلۈكلەر ئارا،
كۆرۈنمەس تەخت ئالدىدا.

## سوغا تەقلىد

بۇ خورلۇق دەرگاھىدا،
چېچەكلىگەندە پۇشايمانىم ئۇچراتتىم ئۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىچلار دېتىدىن ئۇچۇپ چىققان كۆپكۆك قۇش ئىدى،
پەرۋاز قىلار ئىدى ئۇ ئاشۇ يەردە،
ئەھدىلەر كىتابلىرىنىڭ ئىككىنچى ساھىلىدا،
چاقىردى مېنى، تاشلىدىم گۇمانلىرىمنى
مۇز دەرياسى ساھىللىرىدا
بوران تەشكەن نۇر بۇتلىرىغا ئېرىپ كەتكەن شاملاردەك،
ئۆز يېنىغا چاقىردى مېنى . . .
ئامان بولغاي پادىچىلارغا!
يۈرەكلىرىدە شەپقەت چېچەكلىدىمۇ؟
ياكى مېنىڭ ۋەزىپەمنىڭ سادىقلىقىدىن
خەۋەر بېرىشچۈن بۇ بىتەلەي دۇنياغا
قەبرىلەردىن قايتتىمۇ بىراۋ؟
ئىستەيمەن بۇلارنى ئەمدى بىلىشنى،
ھەممىسىنى ئۆز قوينىغا ئالدى ئۇنتۇش.
ھە. . . ۋۇجۇدۇم سوسماندۇر، ياق،
قان ۋاقتىدۇر، ئاشۇ يەردە، نۇر بۇرجىلىرىدا،
دۇشمەنلەشسە مەن بىلەن زامان سۇلىرى
چىراغلار كەبى ئۇچۇشىدۇ سۇدا جىسىملار.
مەرپەتنىڭ ساپ يالتىراق ئالتۇنى
تەنھا ئاددىي تەنلىك تەڭرى ماتەملىرىدە
ئېرىمەكتە قوشۇلۇپ چۈشكە،
قېنى دۇنيادا سۇبيېكتنىڭ پەرۋازى؟ !

ھەيران قالغان كۆزلەر بىلەن بېزەلگەن ئوقيا
زورلايدۇ كۈچلۈك
مەڭگۈلۈك پارتلاشقا سۇ مەنبەلىرىنى،
ئەي، سەن خۇددى بۇقىدەك كاج پەرىشتە،
ھېلىغىچە جەلپ قىلارمۇ ئۆز قوينىدا سېنى ھىجران
خوجا بولۇپ ئۆزىگە ئۆزى
ھەمدە ساڭا ياندۇرغانچە ھايات سۆيىنى؟
تۈنجى دەمدۇر مېنىڭ بۇ تىلىم
كۆپۈرلۈق چېچىكىنىڭ پۇتمەس ئەۋجىدە،
خۇشتار سۈنىڭ بىمەنىسىدە سىرلىرىنى ئاچار بۇ چېچەك.
ئەمەس ئىدىم ئۆزگىدىن باشقا،
رىتىملىقتۇر پۇتۇنلەي
دېڭىزدىكى كرىستال يەلكەندەك گويا. . .
ھەم تىمتاسلىقتا. . .
خالىسانە ئاددىيلىق بىرلە
پەرەز ئاڭغا ئايلانغان شۇ تىمتاسلىقتا
ئازابىم سۇ ياپراقلىرىدا شىرنىلەشكەن بىر مېۋە،
ئەمەس
ئىدىم
ئۆزگىدىن
باشقا. . .
ئەلمىساقتا سىر ئىدى ئۇ چەكسىز زوراۋان،
قاچقۇن لەھزىدە لەززەتنىڭ يالتىرىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەم كەلگۈسىدە
ئىستىلىستىك ئۇلۇغلۇقتا پاك مەرسىيە.

## يالقۇندا تاج

بۈيۈك ئاپەت يۈز بەرگەندىكىن
ھەمدە بۇ يەردە
بىزنى پۈتۈن بۇ غەپلەت ئورىغاندىكىن،
لەززەتنىڭ ئېغىر قەدەم تەشرىپى چوقۇم،
چوقۇمدۇر كۆيلەش.
كۆزىمىزدە يىغانىڭ تەمى،
پەرۋاز قىلسا بولۇر ئۇ كەڭ شەپەرەڭلەر سايىسى،
نىمىدېگەن سارغايغان تاڭ سەھەر بۇ،
ئۆزىمىز ئۈستىدە ئۇ ئۆرلەيدۇ شۇ دەم،
باغرىلار ئاۋازى ھەم ئاجىز نىمانچە!
قاقشالدۇر تەكلەر،
دېرىزىدە جان تالىشار كۆي،
لەززەتكە تەشنادۇر ھەم ئۆگدىگەن ئايالىلىرىمىز. . .
ئەي، ئىنسان!
ئەي، تاشلاردا چېچەكنىڭ مۇشەققىتى. . .
سەن
ئۆتنۈشكە،
ئوتتۇز تەڭگىنىڭ جىرىڭىغا تولغان ئەي جاپا.
ئىشەن،

باركى يەر باغرىدا ئېچىرقاشىنىڭ قاغىسى،
ھەمدە يىراق ئەتراپىنىڭ ئۈمۈچۈكى
چۈشلەردىن تورلار ئاسار قۇياشقا.
تۇيۇقسىز گۈركىرەپ سوقماقتا كۆللەر،
ئاشۇ شۇملۇق باسقان كاھىن،
بۇتلار شامىلى،
سوقماقتا ئۇ كۆكۈم - تالقان يەلكىنىمىزنى
قۇرغاقچىلىق ساھىللىرىغا،
ئۇچۇرۇپ بىردە
ئۇسسىغان چاقماقلارنى ئورمان شاۋقۇنى.
ئەي، سۆكۈنات،
ئاھ. . . سەن سۆكۈنات،
ئەي، سەن يېرىم كېچىنىڭ سۆكۈناتى.
ئەي، سەن ھىجران قوڭغۇرىقى باسقان يىراق تاڭ. . .
ياق، ئۇلۇغ قۇياش
ھەم ئاتەشتە قىزارغان ئالتۇن
( ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەر زۇلمەت قۇشى) ،
ھەم بۇلاقنى ئورىۋالغان چېكەتكىلەر،
دەرەخ غولىدا ياتقان يىلان ھىيلىسى ھەم
ھەم قويلارنى، پادىچى كۆيلىرىنى
ھودۇقتۇرغان بۇركۈتلەر ئاۋازلىرى،
ھەم غۇۋا شادلىققا يار كونا يىغا. . .
ھەممىسى تىپتىنچ ياتار قاتلاملىرىمدا.

كۆي، ئاسمان،
يان، سەن ئەي ئابىدە ئاسمان!
چىق، سەن ئەي قوڭغۇراقلار، بولغىن پەيدا!
تۇرۇش يوق نۇردا، زادى مۇمكىن ئەمەس ئۇ،
كۆزلىرىمدە دېڭىزلارنىڭ ئۇسسۇلى،
سىرلارنىڭ پەرۋازلىرى كۆزلىرىمدە،
زادىلا ئۇنى بىلىپ بولالماس نۇر،
سۆكۈتۈم، ئەي ۋەتىنىم، ئەي قەدىم كەپەم،
ئۆلمەكتە سەندە بارلىق ، هاياتتۇر بارلىق!
نېمىدېگەن يالتىراق كىرپىكلەر بۇ،
پۈتكۈل بۇ يوقلىلىشنى كۆتۈرسىمۇ!
بەر ھەق، پۈتۈن كامالەتلىك ئاجايىپ ھېكمەت -
ئارىمىزدا، بۇ زېمىندا بولمىقىڭ ئەي چۈش،
ئەي، سەن كەپتەر توسىدىكى ئوقيا
ئەلمىساقنىڭ كونا ياسى قويۇپ بەرگەن.
ئەي، سەن يانىڭ ئەۋجىدىكى يۈكسەك يۇلتۇز
شۇ بىر جۈپ پاچاقا بەك ئوخشىغان يا،
ئەي، سەن قان پەيتى،
ئەي، سەن دېڭىز تەپسىلاتى ئىچرە ياشار شىر،
ئەي، كۆزلەرنى ئويۇۋالغۇچى ،
ئەي، سەن يالقۇن ئىچرە تاجىنىڭ مەڭگۈلۈكى،
ئەي، ئۆرتەنگەن پانىيلىق!



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## زاماننىڭ يىلتىز سۆيى

قۇياش. . .
ئەي، سەن ئىسيانكار يارا!
يىلتىز سۈيۈك چۇش ئېرۇر،
چۆلغار جاھاننى،
گويا دېڭىز جۆيلۈگەندەك، قايتىدىن يەنە
ئۆيلاپ قالدىم بىئىمكانلىقنى مەن.
پۇشايمانخور قەلبىم پەيلىرى
سىزغاندى سۆزۈك جىنايەت،
ئۆرتەپ ئۇنى يوچۇن ئىشتىياق.
سىرتتا. . .
سىرتتا داۋاملىق ئەينى شۇ ئاۋاز،
ئۇنىڭ خورلانماس چېچىلغاق ئۈيى– كۆيلىگىنىم.
ئىچىمدە يوقالماس بىر قىزىتما،
تەسەۋۋۇرۇم ياۋايى ئۇسسۇل،
ئېقىپ كىرەر دۇنياغا قاراڭغۇ تۇتەك
ئۇ بەلكىدۇر ئۈمىدسىزلىكىم،
قېنى مەندە سەن، ئەي قۇياش ، مەڭگۈلۈك جانان؟ !
تۇغماس دەيمۇ ئۆزۈمنى مەن،
مۇردىمىدۇ شامال ئىچىمدە،
ئېيتالماسمۇ مەندىن يۈكسەك جان سۆيى؟ !
چېچەكلەمدۇ بېشارىتى پەيغەمبەرلەرنىڭ،

پارتلاپ قىيامەت تىمتاسلىقى
ئاخىرقى دێۋە؟!
بېقىندىدۇر بۇ يەرلەر
ئېتىقادنىڭ سايىلىرى ئاستىدا،
ئېتىقادتۇر ئۇ شۇنداق
ئۇنى ئالغان ئادىل مەنبە ئۆز ئىلكىگە،
ئادىل مەنبە دەپ ئاتالغان ئاشۇ مەركەز،
ئاشۇ بىگۇمان يوقلۇق،
ئاشۇ ئەڭ پاك ئەركىنلىك. . .
يوقات كۆزۈمدىن، ئەي قۇياش،
بىلىش ئۆتكىلى ئۇ چۇنكى!
شېئىر دېيىلگەن ھەق زېمىندا سۇرگۈنمەن ئۆزۈم،
چىققانىكەنمەن جىمى شەكىلدىن.
كۆردۈم يارقىن بىلمەسلىكنىڭ ساماسىنى،
ئۇندا پەرۋاز قىلار ئالتۇن قۇش،
كۆردۈم تەن ھىدى قۇچقان دولقۇن چۇقانى،
كۆردۈم يەنە، ئەي شائىر،
قورقۇنچلۇق سەۋدايىڭنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى،
ئەڭگۈشتەركى ئۇلۇغ بايلىقىنى،
پەرىشتە قەدەملىرىدە تىترەپ تۇرغان غۇنچىنى. . .
ئەيسا شائىر، سەن ئۆز پادىشاھ،
كىيگەن ئۆزۈڭ نۇرلۇق ھەسرەت تونىنى،
بولۇپ يۈكسەك ئارمىنىڭنىڭ قۇربانلىرى
قۇتلۇقلىغاي سېنى ئۇتۇق تاپقان خەلقلەر،

يوقىلىش زېمىنىدا ئۆزاپ كەتكەن خەلقلەر،
ئۇيقۇسىدىن تۇرغان خەلقلەر. . .
شائىر، ئىزدەپ يۈرمەكتىسەن سەلتەنەتلىك تاجىڭنى
ئۇلۇغۋار چۈش پەيتىنىڭ ئارقىسىدا،
ئاشۇ يەردە،
يالقۇنجىغان شەھەرلەردىن يىراق يەردە،
خارابىلىق ئۇچۇرغان ئاڭنىڭ
قورقۇنچلۇق
سايرىشىدىن
يىراق
يەردە.

## تويلار سىرى

شۇ كۈنى،
سۈرگۈنگاھ زىياپىتىدە،
دېڭىزلار تاۋۇسى بولغان ئىدى مەي،
كەچكى شەپەقتە دائىم يېتىپ كېلىدىغان قار
مەرمەر تاشتا نۇر سۇنغاننى كۆرەر يېقىملىق
قۇچار يىراق قاغىلارنى تويلار سىرىدا.
قار. . .
ئەي، سەن سۆزۈك ئۆزگىرىشنىڭ ئەترى!
بۇ يەردىكى قايسى ئاتەش ئۇ،
ئاڭا ساماۋى چۈشكۈنلۈكنىڭ جېنى چاپلاشقان،

ئۈرلىمەكتە ئۇ
ناغرىلار ئۇسسۇلىدا
ھەم كاھىنچە ئىشتىياقىنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك
مۇساپىسىدە ئۆرتەنگەن ناخشىمىزغا.
ئاپەتلىرىمىز زامان دەرىخىدە ئاچچىق مېۋىلەر،
شۇنداقلا بىز نېمىدېگەن گۈزەل - ھە،
زېمىن ئۈستىدە مەڭگۈلۈكنى چۈشىمەكتىمىز،
دولقۇن بىزنى سۇلالە بايراملىرىدىن
كېتەر ئوغرىلاپ،
چاچار شامال ئىتىمىزلارغا يۇلتۇزلىرىنى.
ئەي، سەن مەڭگۈلۈك،
بۇ پۈتكۈل پارلىنىشقا بولغىن خاتىرجەم،
پەيغەمبەرلەر ئازابىدىن بىر پاكلىق ئۆزۈك.
پەقەتلا بىز، بىز ئۆلۈم سۇلالىسى
مۇمكىنسىز تۈز تېخىمۇ تەجەللى قىلغان
شۇ ساما يوللىرىدا يۈرىمىز سەرخۇش،
كۆتۈرىمىز ھەمدە زېمىننى
زىل ئاۋازى قىلىپ تۈنجى ئۇچۇۋكتەك،
ئەي، تەڭرىلەر!
ئارىمىزدا
كىم بار بۆرە كۆيلىرىدىن ھۇزۇر سۈرمىگەن؟ !
ھېچ ئامال يوق قولىمىزدا داۋاملىق ئەمما،
سىر مېۋىسى ۋە تۇپراق ئارا

كۆتەرسەكمۇ ئاسما كۆۋرۈك قىلىپ ئۈمىدنى. . .
گۇناھ سېنىڭ گۇناھىڭ ئەمەس،
ئەي، يامانلىق پەرىشتىسى!
تۇلپارلارنىڭ قاينىمىدىن يۇلۇپ بايانىنى
سېھىرلىدىڭ بۇلبۇل قىلىپ ئاڭ باغلىرىدا.
ئەي، تۇز كۆزلۈك يۇلتۇزلار!
بىزگە دۇئا قىلىڭلار تاڭ ئاتقۇچە.
ئەي قۇشلار،
سۇسمان بايرىمىدىكى قۇشلار!
ئۈچۈرۈڭلار سايمىزدىن هاماقەت قاننى. . .
تەزىيە چېچەكلىرى ئېرۇر يوقلۇق ۋەھىملىرى.
شاھادەت قىل ئۇلارغا ئەي، روھ پاكلىقى. . .
يىقىلماقتا ئۇلار سىرتتا، تۇنده جان ئۈزۈپ،
ھەسرەت ۋاقتى يوق ئۇلارنىڭ كۆرۈشكە
سۇ تۇتۇق ھەم ئىككى كۆزى ئويۇق زامانىنىڭ
بىر كۈنى ئالتۇن باغلىرىدىن ئۆتۈشنى.
ھېس قىلغاندۇر ئۇلار پانىينى
ئەلمىساقنىڭ ساتارىدىن ئاققان كۈي كەبى،
بىزگە، بىزدەك تىرىكلەرگە مىراس قالدۇرۇپ
ئەتىدىنمۇ، قاندىنمۇ پاك شۇ چۈشنى،
ئاتا قىلغىن بىزگە سەن، ئەي قار.
ئەي، سەن نۇرلۇق ئالتۇن تەنلىك دېڭىز قۇشى!. . .
ئاتا قىلغىن بىزگە، ئاتا قىل

ئۆلۈكلەر تىمتاسلىقىدەك
بۇ تىمتاس ئاتەشلەرنىڭ ئۈستىدە
ئۆرلەۋاتقان دولقۇن نىمىتى!

1989 - يىل، دەمەشق



# بوۋام

ئەركىن ئەبەيدۇللا

قويۇپ قوي،
قولۇڭدىكى چالمىنى ئاستا.
ئۇ مېنىڭ بوۋام بولۇپ قالمىسۇن،
توكمە رومكاڭدىكى سۇزۇك مەيتى.
بوۋامنىڭ كۆز يېشى، تەرى ئۇ بەلكىم
سۆزمەن قۇشقاچلار ئىچىۋالمىسۇن.
ئاچما گۈللۈك ئىشىكىنى سەن
پورەك گۈللەر،
ناپاق چوكانلار،
بەگۋاش بالىلار ئۈزۈۋالمىسۇن.
كۆلگىلى قوي، مېنى بىر رەت
شادلىقىم،
ئارمىنىم،
ھەسرىتىم . . . نى
ئەنسىز ياتقان بوۋام ئاڭلىسۇن.

ئىككى شېئىر

ئەركىن ئىبراھىم

## ئۆزۈمگە مەرسىيە

1

مەن ئۆزۈمنىڭ ئاخىرقى چېكى—
ئەمەس، شۇ دەم مېڭىسى گويا.
فونتاندەك تىك تېنىم تەسۋىرى
ئاقار يالقۇن تاڭلىرى ئارا.

دېگىن دەمسەن، دېگىن بىل مېنى،
خىيالىڭغا كەلگەنچە ياكى.
كۆپۈك كەبى ئۆرلىدىم، چىقتىم،
ھەرنېلىكىم ئۆزۈمگە باقى.

ئاشۇ تاشتەك كۆلرەڭ ھۇجرىدا،
قۇچاقلىدىم كۆكلەرنى تىمتاس.
سۇ، يالقۇن، كۆك، قۇش ۋە قۇرتلار
ئۆز - ئۆزۈمدە ياقتى ئېھتىراس.

2

غايىبلىقنىڭ لېۋىدە مەيدەك
ئېرىمەكتە قېنىم زەنجىرى.

زىكرى قىلسام نامىڭنى نەيدەك
سەدەپ بولدى كۆڭۈلنىڭ كىرى.

قۇش كۆزىدە ئۇنلىگەن كۆكتەك
جامالىڭغا ئۆرلىدىم، باقتىم.
ئاسما كۆۋرۈك قىلىپ تېنىمنى
ھىجرانىڭدا شام بولۇپ ئاقتىم.

پۇكۇلگەندە تەندە بارماقلار،
بۇلۇتلاردا يۇلقۇنار سايەم.
مەي مەۋجىدە يوقالسام تەكرار
كۇللەر ئارا دەس تۇرار پايەم.

3

ئاسمىنىمدا لەۋھەسەن، ئۇچتۇم
پىراقىڭدا سەرسانە پەردەك.
بۇلۇتلارنىڭ سايىسى ئۆچكەن
كۆزلىرىڭدە ئۇزۇلدۇم تاردەك.

چىچەكلەرنىڭ ئاۋازى قېنىم
سۇلىرىڭغا تاشلايدۇ گىرە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاش ئۆركىشى، پۇچۇلغان قېنىم،
جامالىڭنى كۆرسەتتىم خىرە.

ئاۋازىڭدىن ئۇنتۇلغان يەرمەن،
ئۇپۇقلاردا كۆتۈرگىن مېنى.
ئەينەكلەرگە قورشالغان شامەن،
بىر دەقىقە ئۆچۈرگىن مېنى.

## قىيامەتلىك ھىجران

پىنھاندىن
ئۇچۇپ چىققان تامچە زۇلمەت
ۋۇجۇدۇمنىڭ پارچىسى پەقەت ...
كېلىمەن
كۆلدان رەڭگىدە
تۆكۈلىمەن دېڭىزغا
تولىگەندەك
كۈندۈز قاسىرىقىدەك ،
ئەمما نۇرمەن
شەپەرەڭنىڭ كۆزىدىكى
كۆرەلەيمەن
سەن كۆرەلمىگەننى
كۆرمەيمەن لېكىن

سەن كۆرگەننى.
ئېمىلداشمىز
قوشۇلالمايمىز شۇڭا
قالغانلىرى
قىيامەتلىك ھىجرانىمىزدا
لەيلەپ يۈرگەن بىر چۈشتۇر گويا.



## يۈرىكىمىز يىغلايدۇ ئۆكسۈپ

### ئەركىن مۇھەممەت كامالى

سېغىنىمەن سېنى،
سېغىنامسەن مېنى
يىراقتىكى ئەي گۈزەل قىزچاق.
تونۇشمايمىز ئىككىمىز ئەسلا،
بىلىشمەيمىز ئىسمىمىزنى ھەم
بىلىشمەيمىز ئۆيىمىزنىمۇ.
مەن بىلمەيمەن كىمنىڭ قىزى سەن
سەن بىلمەيسەن كىمنىڭ ئوغلى مەن.
مەن ئاڭلايتتىم سېنىڭ ناخشاڭنى،
سەن ئاڭلايتتىڭ مېنىڭ ناخشامنى.
سەن دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدا،
مەن دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدا.
سۆيۈشەتتى قاراقلىرىمىز
تولۇنئاينىڭ يورۇقلۇقىدا.
يۈرىكىمىز يىغلايتتى ئۆكسۈپ،
كېلەلمەيتتىڭ قېشىمغا مېنىڭ.
كىرەلمەيتتىم قويىنۇڭغا مەنمۇ،
شىددەت بىلەن ئاقاتتى چۈنكى،

لاي ـ لاتقىلىق كۆۋرۈكسىز دەريا
شۇنداق دەھشەت، شۇنداق كۆرۈمسىز،
ئەجدىھاغا ئايلىنىپ دەريا
يۇتۇپ كەتتى مېنى بىردىنلا.
تۇۋلاپ ـ تۇۋلاپ ئويغىناتتىم مەن،
قاباھەتلىك شېرىن چۈشۈمدە.
يىراقتىكى ئەي گۈزەل قىزچاق،
كۆرگەن بولساڭ چۈشۈڭدە مېنى
ئېچىنارسەنمۇ ،
سەن ئىسمىنى بىلمىگەن يىگىت
كىرىپ كەتسە تۇپراققا ئېرىپ،
تەبەسسۇمىڭ هارارىتىدىن
ياكى كۆتۈپ تۇرامسەن ئۇنى،
شاۋقۇنلۇق شۇ دەريا بويىدا
يۇلتۇزلاردەك جىمىرلاپ كۈلۈپ.
چىققىشىنى سۇنىڭ ئىچىدىن،
ئاغزىدا چىشلەپ قىزىلگۈل،
يۈرىكىڭدە ئوتلۇق قۇياشنى
ئالىقىنىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ.
يىراقتىكى ئەي گۈزەل قىزچاق،
ئېيتىپ بەرگىن ئىسمىڭنى ماڭا،
ئۆيۈڭ قايسى خالتا كوچىدا. .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## چوڭلار ئارىلى

### ئەركىن نۇر

### ساھىبجامال بېلىق

مەن باقىمەن ساڭا ھەرقاچان
مۇھەببەتنىڭ كۆزىدە

ئى، بېلىق تەنلىك ساھىبجامال قىز
سەن مېنىڭ باغرىمدا، ئىچكى قىسمىمدا —
ئىزدەمسەن چوڭقۇرلۇق چۇققىسىنى ئەڭ؟
قۇچاقلاپ ياتقىنىم سۇ ئەمەس، بەلكى
بىپايان تەنھالىق، زۇلمەتكە تولغان
دېڭىزمەن، سەن ئۈچۈن چەكسىز بىر دېڭىز

جىسمىڭدا يانغاچقىمۇ ئالەمچە سۆيگۇ
سەن يارالغان قىزىققان بىر مەخلۇق بولۇپ
سالقىندايسەن دائىما
چوڭقۇرلۇقۇم دەرىخىنىڭ سايىسىدە
زىمىستانغا تولسىمۇ ئىچىم
توڭلىماستىن زەررىچە
ئۈزسەن، يايرايسەن لەززەت دېڭىزىدا شۇ پېتىم

قاپقاراڭغۇ زۇلمەتلىك
مېنىڭ ئىچىم شۇ قەدەر
سەن ھېرىسمەن بولغاچقا
ئىچىمدىكى كىچىگە
قىلىسەن سەپەر

مەيىن دولقۇنلارغا ئايلىنىپ
سىلايمەن، سۆيىمەن سېنى قانغۇچە
چۆكىسەن چوڭقۇرلۇقىمغا، تاپالمايسەن ھېچ
چوڭقۇرلۇقىمنى كەزسەڭمۇ قانچە - قانچە

باغرىمدا ئۇخلايسەن تاتلىق
شېرىن چۈشكە ئايلىنىپ
كېزىمەن روھىڭنى، تېنىڭنىمۇ ھەم
شۇندا، بېلىق بولۇپ مەن ساڭا
ئىچكىرىلەپ كىرىمەن
چوڭقۇرۇڭدىكى ئۆلۈم قولۇلىسىنى ئويىنىماق ئۈچۈن

شۇ پەيت، سوزۇلۇپ ياتقان بىر دېڭىز سەن ئەركەم
ئىچىمنىڭ ئىچىدىكى مۇز تاغلار ئارا
سەن ياشايسەن ئېسكىموسلاردەك
ئى، بېلىق تەنلىك ساھىبجامال قىز
ئىشىكىڭنى ئاچ، مەۋجۇدىيىتىمىز ئايلانسۇن بىر- بىرىگە

غېرىبانە، مەنىسىز ھايات
كۆيسۇن
ئىچ - ئىچىمىزدىن پاراسلاپ چاچرىغان قىزغىنلىق چوغىدا!

مەن باقمەن ساڭا ھەرقاچان
چوڭقۇرلۇقۇمغا شۇڭغۇ
شۇڭغۇغىن چاپسان.

## چۈشۈمدىكى ئات

ئۇرۇش پەيتى، تۇشمۇتۇشتىن قوغلاشماقتا
قوراللانغان ھەممىلا كىشى
دوقمۇش - دوقمۇشلارغا چاپلانغان
مېنى تۇتۇش بۇيرۇقى

جىنايىتىم نېمىدۇر مېنىڭ؟
بىلمەيمەن، بىلىدىغىنىم:
قېچىش كېرەك توختىماي شۇ تاپ

شەھەردىكى خالتا كوچىدىن
پىنهان، قاراڭغۇ
ئاڭلاندى تۇيۇقسىز ئاتنىڭ كىشنىشى
پاھ، بۇ مېنىڭ ئېتىمغۇ!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسقىرتتىم چۈرتتىدە، ئاشىقىمدەك
پەيدا بولدى ئالدىمغا
دەررۇ ئۇ چاپچىپ
باش ـ كۆزىنى سىلىدىم
يۇزۇمگە يېقىپ يۇزىنى
ئاق يايلىنى تارىدىم
شۇندا بىردىن زۇۋانغا كېلىپ
ئات دېدىكى:
- تونۇدۇڭمۇ سەن مېنى
مەن ئۇڭۇڭدا سۆيگەن بىر قىزمەن. . .

- ھە، بۇ قانداق گەپ؟
ھەيرانلىقتا ئاڭا قارىدىم:
قايسى قىزدۇر بۇ، مەن سۆيگەنلەر ئارىسىدا
ئىنچىكە سەپسالدىم، ئاۋۋال
تازا تولغان ساغرىسى
ئاندىن كۆپكۆك نۇر چېچىپ تۇرغان بويىغا. . .

ئۇ ئوخشايتتى راستىنلا بىر قىزغا
ئەجەبلەندىم، ئۇ ئۆلگەن قىزنىڭ روھىمۇ يا؟ !
— كىمنىڭ روھىسەن؟
سورىدىم ئاتتىن
ئۇ ئېيتتىكى:
— سورا روھىڭدىن!

شۇ قەدەر ئەسەبىي، ياۋايى ئۇنى
مېھرىم بىلەن سىلىدىم، ئاندىن
شىپپىدە
مىنىۋالدىم پەم بىلەن

ئۇ ئۇچاتتى دولقۇن كەبى ئۆركەشلەپ
يۈرىكىم ئاغدى، يايراپ ۋۇجۇدۇم
پورەكلەپ ئېچىلدى غېرىبلىقىمنىڭ بىر گۈلى
تۇنجى رەت
قۇتقۇزدۇڭ سەن مېنى
ئەي ئاق بوز ئېتىم
چاپماقتىسەن دۈلدۈلدەك
قاناتلىنىپ
كۆتۈرۈلدۇق ئاسمانغا
بارا - بارا يېقىنلىماقتىمىز
بەلكىم تەڭرىگە

ئاستىمدا ئاق ئات
قانىنىڭ زۇلمىتىگە چۆككەن ئىككى تەن
تېگىشىپ - چىلىشىپ تۇرماقتا شۇ پەيت

مەن يايلاقتا باققان بىر زامان
ئۇنى تاراپ، يۇيۇپ، ئاۋايلاپ.

سىلاشقا ئامراق ئىدىم ئېمىشقىدۇر
تولغان قىزنىڭكىدەك يوغان ساغرىلىرىنى

كىشنىمەكتە جۇپ بەدەن
سەرسان يۈردۈم، كەزدىم جىسمىڭنى
ئاسمانمۇ ۋۇجۇدنىڭ يەنە بىر شەكلى
چاپماقتىمىز ئۇندا نىشانسىز
ئەي ئېتىم
سەن نەگە ئەكەتسەڭ ئەكەتكىن مېنى
قاراڭغۇ ئاسماننىڭ كەينىگە كەتسەڭمۇ مەيلى
ۋەجى شۇ، مەن سۆيىمەن ئەبەدىي سېنى
ئاسماننىڭ تارتىش كۈچىنى سۆيگەندەك
سۆيىمەن تەر ئارىلاش بەدىنىڭدىن تارقالغان ئىللىق ھىدىڭنى

ھارماي چاپقىن، چاپ ئېتىم
بارايلى بىز
ھاۋا ئانا، ئادەم ئاتا قوغلانغان شۇ جەننەتكە،
دەرد كەلمىسۇن سۆيگۈ شېرىنىسىگە تولغان پۇتۇڭغا
قايرىلمىسۇن، سۇنمىسۇن مۇھەببەتتىن پۈتكەن قاناتلار

قوغلىماقتا تۇشمۇتۇشتىن
مۇدھىش ئاپەت توپاندەك بىزنى.

## سۇمۇرغ

مۇدھىش قېنىم چوڭقۇرلۇقىدا
چوڭقۇرلۇقىدا سەن
ئىلاھىي بۆرە، ماڭا يول باشلىغان ھالاكەتنىڭ غارىدا
سەن ئەيساغا، ئۇسرىسقا ھەم
ئۆگەتكەندەك ئۆلۈشنى
ئۆگەتتىڭ قايتا تۇغۇلۇشنى
روھىم قۇشلىرى ئۆلۈم شېخىدا
تېۈنىپ سايرايدۇ ساڭا، سەن چۈنكى
نەبىسەن، جىمى قۇش ئارا

ئېسىمدە، گۈدەك چېغىم
<<قېقنۇسلارنىڭ پاراغىتى>> دىن
تۇنجى بولۇپ كۆرگىنىم:
سېنى —
ئەسىرلەپ ياشاپ، ئۆلۈش ئالدىدا
ئۆلۈش زۆرۈرىيىتىنى سەزگەندە، پەيلاسوپلاردەك
زەيتۇن شېخىنى چىشلەپ ئۇچقان كەپتەر تىمسالى
توشۇپ سەندەل دەرىخىنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرىنى
بىر يەرگە دۆۋىلەپ ئوت قويۇپ
ئوت بىلەن ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەن

ھەم ئۆز كۆلىدىن قايتا تۇغۇلغان
مەڭگۈلۈك باغرىغا ھەرگىز ئۆلمەس بوپ. .

ھە ، مانا
بۈگۈن كۆردۈم مەن سېنى
چۈشۈمدە
سۇمۇرغقا ئايلىنىپ كەتكەن
لاۋرېنىس، ئەيسا ۋە ئوسىرىسنى بىردىنلا

چۈشەندىم
ئۇلار دېمەك سۇمۇرغ ئىكەن ئەسلىدە
ھەزرىتى ئەيسا
قوينىڭ قېنى بىلەن يۇماق بولۇپ ھاياتتىكى جىمى داغلارنى
ئۆلۈم چېچىكىگە قوندى ھەسەل ھەرىسى كەبى
ئوتتۇز ئۈچىنچى باھاردا
بىراق مەنچۇ! . . .
ئوسىرىس
باغاشلىماق بولغاندەك ئۆلگىنىدە بولسىمۇ
قۇچاق يەتمەس، تەبىئەتنى بىپايان
بىر قورساق قېرىندىشىغا ئۆلتۈرگۈزدى ئۆزىنى
ئون تۆت پارچە قىلىپ
ۋەتەنىنىڭ كۆللى تۇپرىقىغا ئايلاندى ئاخىر
بىراق مەنچۇ؟ . . .

لاۋرېنس
تەن ۋە روھنىڭ چەكسىز چۆللۈكلىرىدە
زۇلمەت توپانىغا غەرق قىلىپ ئۆزىنى
يەتمەك بولدى قارشى قىرغاقىقا، كېزىپ دۇنيانى
بىراق مەنچۇ؟ . . .

توخۇ يۈرەكمۇ مەن
ئاياللار ئارقىلىق تىرىلمەكنى ئىستىگەن؟
دىۋانىمۇ مەن
ئاياللاردىن سۆيگۈ، بەخت تىلىگەن؟
تەمەخورمۇ مەن
ھەممە خەقنىڭ ياخشى كۆرۈشى، چۈشىنىشى
ئۈچۈن ياشىغان؟

ياق ، ياق
جاھىل ئۇنسۇرمەن شۇنداق
يىرتقۇچ كەبى باش ئەگمەس
مەن ساراڭمەن، ئەسەبىي
ئۆز ئىچىمدە ياشىغان
ئۆزۈمگىلا تەئەللۇق پېتى
ياق ، ياق
ياشاپ باقمىدىم مەن تېخى
ئۆزۈمگىلا تەۋە ھاياتنى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياشاپ باقمىدىم تېخىچە سېكۈنت
ياشىدىڭ دېسە خەق مېنى
ياشىغىنى مەن ئەمەس، ئۆزگە
ناتونۇش بىر كىشىدۇر يوچۇن
ئۇزۇن مۇددەت تارتقاچقا نىقاب
ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەس بوپقالغان

ئۆزگەرمەكتە كۈللى شەيئىلەر
ئۆزگەرمەكتە زامانمۇ
مۇشۇ ئالتۇن دەۋردە
ئەي سۇمۇرغۇم قانىتىڭ ھەتتا
ئايلاندىمۇ ئالتۇنغا
سەزمىگىلى قاي زامان

قاناتلىرىڭنىڭ قېقىلىشىدىن چىققان شامالنى
مەن مۇشۇ سۇمۇرغ ماكانىدا تۇرۇپمۇ.
مەدەنىيەتنىڭ ئالتۇن كرېستى
مىخلىمىدى قايسىبىر زاتنى؟

جەنۇبىي قۇتۇپتىمەن
ئاتەش ـ ئوتسىز كۈنلىرىم
مۇزلىماقتا يۈرىكىم
ئۆلگەن قۇشنىڭ تېنىدەك

www.uyghurkitap.com

قار ـ مۇز بىلەن قوپۇرۇلغان ئۆيۈمدە
قايدىسەن، ئىنسان ئۆچۈن ئوت ئوغرىلىغۇچى پىرومىتى؟

مۇزلىماقتا قېنىممۇ تامام

يانغىن، يانغىن ئەي ماماتلىق گۈلخىنى
سۆمۈرگىمەن، باغرىڭ تامان ئاتاي ئۆزۈمنى
هاياتىم، تۇرمۇشۇم تولسىمۇ خەتەرگە
مەن غۇلاي هاڭلارغا، تاللىغىنىم بولغاچ بارسا ـ كەلمەس يول

هېلىھەم سۆيىمەن سېنى ـــ
ئەي هاياتىمنىڭ پىنهان قاتىلى ـــ يىرگىنىپ
ئۆزۈمدىن شۇ قەدەر بولۇپ كۆڭۈلسىز
ئۆزۈمگە ئاياندۇر بۇنىڭ ھەممىسى
قايتا تۇغۇلۇشقا ئىشەنگەچ چەكسىز
مەردانە قەدەم تاشلايمەن قورقماستىن
هالاكەتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك غارىغا

ئويلايمەن، خورازمۇ بىر خىلىدۇر سۆمۈرگىنىڭ
قۇياش بولسا تاڭدىكى خورازنىڭ ئۆزى
ۋە لېكىن مەن كۆرمىدىم قۇياشنى
ئىچىمدە جىنسىيەتتەك پارلاق نۇر چاچقان

**يىلان**

مەنمۇ ھەم بىلمەيمەن يىلانلارنى سېنىڭدەك
بەلكىم، هازىرقى يىلاننىڭ ئەجدادى شەيتاندۇر ئەسلى

ئېزىقتۇرغان ھاۋا ئانىنى
قولىقىغا نازۇك پىچىرلاپ
چەكلەنگەن مېۋىنى ھاياتلىق مېۋىسى قورقماي يېگىن، دەپ
ئاشكارىلىغان تەڭرىنىڭ ھىيلىلىرىنى

يىلان ئېزىتقۇ
ئۇ باشلايدۇ بىزنى ھايات ئىچىگە —
ھەقىقەتنىڭ قورقۇنچلۇق ئۆڭكۈرلىرى، رەزىللىكلەرگە

بەلكىم، ھازىرقى يىلاننىڭ ئەجدادى پەرىشتە ئەسلى
قوتقۇزغان توپاندىن نوھنى، كېمىنى
تېشىلىپ ئەبجىقى چىققاندا كېمە
نىقتاپ كىرىپ تۆشۈككە مەھكەم
ھالال - ھارام، ئەركەك - چىشى جانلىقلارنى — ھاياتنى
ھالاكەتنىڭ گىرۋىكىدىن قوتقۇزغان تامام

يىلان تەڭرى
ئۇ يارىتىدۇ بىزنى قايتىدىن
خارابىدە يېڭى ھايات قويىنىغا

بەلكىم، ھازىرقى يىلاننىڭ ئەجدادى قاناتلىق ئەسلى
تۆشۈكلەرگە — ھالاكەتنىڭ زۇلمىتىگە ئامراق بولغاچ، ۋەتەن قىلغاچقا
چوڭقۇر، قىستاڭ تۆشۈكلەرگە كىرەر چېغىدا
قاناتلىرى، ھەتتا پۇتى پاتماي قالغاندۇر سۇنۇپ. . .

يىلان ماي قوڭغۇزى
ئۇ قۇپقۇرۇق، زۇلمەت باسقان تېنىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا
قۇياش كەبى يورۇتقانچە ئىچىمىزنى سويلاپ بارار مەڭگۈگە

www.uyghurkitap.com

بەلكىم، ھازىرقى يىلاننىڭ ئەجدادى روھتۇر شەكىلسىز
يىرگىنىپ يىرىلەردىن
سۇغۇرۇلۇپ چىققانچە تېنىمىزدىن يىراق - يىراققا
ئادەمزات ئاياغ باسماس چۆللۈكلەرنى قىلغاندۇر ماكان
تەنھالىقنى دەردخ كەبى باغاشلاپ

يىلان بوۋىلارنىڭ ئەرۋاھى
قولدىن بېرىپ قويغان جەننەتنى
ئۇ قوغدايدۇ شۇڭا ھاياتلىقنىڭ تىلسىم بۇلاقلىرىنى باغرىغا بېسىپ
( ياتلارغا ئەجەللىك زەھىرىنى چېچىپ)

بەلكىم، ھازىرقى يىلانلارنىڭ ئەجدادى مۆڭگۈزلۈك بۇقا
يەتتە قات يەر تېگىدە جاھاننى تۇرغان كۆتۈرۈپ،
بۇزغۇنچى ئىنساننىڭ گۇناھى كەتكەچ ئېغىرلاپ
كۆتۈرەلمەي سۇنۇپ كەتكەن مۆڭگۈزى
ئورۇقلىغان، سۇنۇپ كەتكەن پۇتى، سۆڭىكى
ۋە زېمىننىڭ ئاستىغا قالغان كۆمۈلۈپ. . .
ئۆمىلەپ چىققاندۇر ئۇ زېمىن ئۈستىگە، تۆشۈكلەر تېشىپ
يىڭنىنىڭ كۆزىدەك تۆشۈكمۇ بەرگەچ ئاڭا نىجاتلىق — ھايات
تۆشۈكلەرگە ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە تېۋىنىدىغاندۇر. . .

يىلان تەندۇر
ياكى بىر ئەزادۇر — تەننىڭ مۇھىم بىر قىسمى
ۋە لېكىن ئۇ خالىمىغاچ ئەنجۇر ياپرىقىدىن كىيىم كىيىشنى
نومۇس قىلىپ نومۇسچان ئادەمزاتتىن

ئايرىلىپ چىققاندۇر تەركىدۇنيا بوپ
ھەم ياشايدىغاندۇر كىيىمسىمان تېرىسىنى سېلىپ، ئۆزلۈكسىز

يىلاننىڭ تۇخۇمى شىپادۇر بىزگە
ئەپسۇسكى، قۇرۇماقتا يىلان تۇخۇمى
مەدەنىيەتنىڭ بىپايان چۆللۈكلىرىدە

سەن ئەمدى سورىساڭ يىلان نېمە دەپ،
مەنمۇ ھەم بىلمەيمەن يىلانلارنى سېغىنغدەك. . .

### تەنھالىق

ئايالالارسىز ھايات ھېچنېمە

ھەي ئايالالار، ئايالالار
ئەسلى تەۋە ئىدىڭلار بىزگە
بىر جان ئىدۇق، بىر تەن ئىدۇق ھەم
بىر ئادەم بوپ يارالغان باشتا.

يۈرەكلەرنى ئالغان كەبى سۇغۇرۇپ
ئايرىۋەتتۇق تېنىمىزدىن سىلەرنى.
قوۋۇرغىدىن بەرپا قىلدۇق سىلەرنى
يالغۇزلۇقتىن، تەنھالىقتىن قورققاچ بىز چۇنكى.

ئەمدىچۇ؟
تاشلاپ كەتتى ئايالالار بىزنى
ياشىساقمۇ بىر ئۆيدە بىللە
يوچۇن بىزگە، تونۇماسمىز ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نە ئۆلاركى، ئۆزىمىزنى ئەسلىدە. .

ئادەم ئاتا
تەنھالىقتىن قورقىنىڭدا، نېمىشقا
ئويلىمىغان بولغىيدىڭ بىزنى؟
سەندىن ئۆتە بولۇپ قالدۇق يېگانە ـ تەنھا!
ئۆيىمىزدە پىستىمىز يوق ياكى بىر مۈشۈك
چۈشەنمەيدۇ تاملار بىزنى، چۈشەنمىگەن كەبى ئايالار.
تاپالمايمىز سىرداشقۇدەك بۇ دۇنيادا ھېچنېمە
بىز تاپالماي ئۆزىمىزنى ئىزدىگەندەك مەڭگۈگە.

ئەڭ بەختسىز ئىنسانمۇ بىز دۇنيادا؟
ياق ، ياق!
بەختسىزدۇر ئايالىمىز بىزدىنمۇ چوقۇم
يارالدۇق بىز نېمىشقا ماتكىسىغا ئازابىنىڭ؟
كەلگىن دىلبەر، ئالتۇن بالىخان
سەن مېنىڭ يېرىمىم، مەن سېنىڭ
قوشۇلساق گەر بولارمىز پۈتۈن
يەلكىمىزدىن چۆرۈپ، ئۇنتۇپ ھەممىنى
مۇھەببەتنىڭ تەپتىدە ئېرىيلى تامام.
قوشۇلايلى ئاجراتقۇسىز، ئۆلسەكمۇ ھەتتا
بىر ئادەم بوپ ياشايلى، قالمىسۇن ئارمان
ئايلىنىدۇ جەننەتكە شۇندا بۇ جاھان.

ئايالالارسىز ھايات ھېچنېمە
ئەمدى قايتىپ كىرىڭلار بىزگە!

## ئىككى شېئىر

ئەزىزى

### قىزلار

1

ئۆچرىشىپ قالىمەن
سۆيگۈ ئاتلىق شوخ قىزلار بىلەن
خىلۋەتتىكى ھىجران تۈۋىدە.
سىردىشىمەن ھەسرەت توغرۇلۇق،
ئېرىقىشنىڭ ئاپئاق تونىدە.

ھەدىيە قىلىمەن
مەن ئۇلارغا تاشلاپ كېتىشنى.
ئۇلار ماڭا سوۋغا قىلىدۇ،
ئۆلۈكلەرنىڭ چۈشىدەك ئۇزۇن
كۆز پەسلىدەك مىسكىن كۈتۈشنى.

بىراق
قىزلار تاشلاپ كېتەلمەس مېنى،
كۈتەلمەيمەن مەنمۇ قىزلارنى.

2

كېچىنى
كۆمۈپ قويدى ماتەمگە،
گۈلنىڭ يىغىسى.
ئېرىمەكتە قاۋاقخانىدا،
قاناتلىرى تورۇغان يۈرەك.

خىيالچان شەھەر
بۇ دوقمۇشتا دېرىزىسىز ئۆي
ئۇ دوقمۇشتا. . .
ئۇ دوقمۇشتا شامال ھەيكىلى.

رەڭسىز چىراغلار
كۈلۈپ تۇرار غەمكىن كوچىدا،
چىراغلارنىڭ كۈلكىسى قىزلار.

3

سىزماقتا قىزلار
ئاقارغان تاڭلارنى دېرىزىلەرگە،
ئاھۇنى ئازدۇرغان كۆزلىرى بىلەن.

قۇياش بىر سايە
ئالتۇنىدىن ئۇخچىغان بوزىغونلار ئۇچۇن،
يورۇقلۇقتىن تۆرەلگەن .

سىزماقتا قىزلار
ئاقارغان تاڭلارنى دېرىزىلەرگە ،
ئاھۇنى ئازدۇرغان كۆزلىرى بىلەن.
قاردىكى چېچەك
كېپىنەكنىڭ قەبرىسى پەقەت،
ئىنتىزارلىق چېكىدە كۆيگەن.

سىزماقتا قىزلار
ئاقارغان تاڭلارنى دېرىزىلەرگە،
ئاھۇنى ئازدۇرغان كۆزلىرى بىلەن.
يوپۇرماق -
ئوتلۇق سېغىنىش
مۇمكىنسىز كۈتۈش
ئۇمىد يېشى بىلەن نەملەنگەن.

## قۇياش ساھىلى

تۈتەپ بارار
تۈتۈنگە ئالەمنى ئوراپ،
ئۆچەي دېگەن موخوركىغا ئوخشىغان زاۋال.
جىمىرلايدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەدەھلەردىن ئەكسىنى ئىزدەپ،
ئەسنەكلەردە چارچىغان خىيال.
ئۆزاپ بارار
تىمتاسلىقنىڭ بوشۇكى تامان،
قارىچۇقلاردىن قوغلانغان سوئال.
خەيرلەشتىم
قىزىل، يېشىل چىراغلار ئۆچكەن،
ئۆزۈم كەبى تەنها رەستىدە
بۈگۈن بىلەن قەدەممۇقەدەم.
قېنى بىر سۆيەي
ئۈمىد، ئازاب، تەنتەنە قىلغان،
قىلىچ بىسىدەك يارقىن لېۋىڭگە
مەرھابا ئەرتەم

مېنىڭ ئويغاقلىقىمغا تېخى ھېچكىم، ھېچنېمە ئەكسىنى تاشلىمىغان غۇبارسىز ئەينەك گۇۋاھ. بۇ ئەينەككە قاچاندىن باشلاپ، قانداقسىگە مەھلىيا بولۇپ قالغىنىم ئېسىمدە يوق، ئەمما ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيمەن. ئۇ ھامان بىر خىل ھالەتتە مەنىسىز تەبەسسۇم بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇرىدۇ. كىم بىلىدۇ، بۇ تەبەسسۇمغا نۇرغۇن مۆجىزىلەر يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ماڭا نامەلۇم، مېنىڭ بىلىدىغى-

نىم پەقەت ئەينەك ۋە ئەينەكنىڭ يۈزىدىكى ھەسرەتنىڭ جىلۋىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يالتىراقلىق.

ھەسرىتىدە ئۆزىنى ئۇنتۇپ
زەردە قىلار
سۇ سوراپ كەلگەن شامالغا
ئۆركىشىدىن ئايرىلغان دولقۇن.
ساھىلنى كېزەر
سوراق قىلىپ قۇلۇلىلەرنى،
ساداسىنى يوقاتقان شاۋقۇن،
ئازاب يەلكەنلىرىگە ھامىلدار دېڭىز
قورام تاشقا مىنگىشىپ،
كۈتىدۇ
ئەينەك كەبى قاتقان ئەكسىدە
ئاق ھەۋەسنىڭ چېچەكلىشىنى.
شۇندىمۇ
چايكىلار ئۇنى ئەگىپ ئۇچۇشقا مەھكۇم،
بېلىقلار ئۇنى سۆيۈپ قۇچۇشقا مەھكۇم.
مەھكۇمدۇر ھەتتا تۈكۈشكە
بۇلۇتلارمۇ ئاڭا يېشىنى.
مەن دولقۇن ئەمەسمەن،
مەن شاۋقۇن ئەمەسمەن،
مەن دېڭىز ئەمەسمەن،

قادىر ئەمەس مەن ئەمما
چايكا بولماسلىقتا،
بېلىق بولماسلىقتا،
بۇلۇت بولماسلىقتا.
ھەۋەسنىڭ چېچەكلىشى ئۈچۈن،
ئەينەككە قارىماسلىقتا.

قاياقتىندۇر سائەتنىڭ بىر خىل رىتىمدا چىكىلدىشى ۋە ئارقىدىن خورازنىڭ زىل ئاۋازدا چىلللىشى دىققىتىمنى بۆلدى. دېمەك، كېچە بىر يەرگە بېرىپتۇ، ئەمدى ئۇخلىشىم كېرەك. ئۇخلىغاندىن كېيىن چۈش كۆرىدىغان گەپ.

مەن ئۇخلىدىم، دېگەندەك چۈشىمۇ كۆردۈم. ئاجايىپ بىر چۈش. چۈشۈمدە مەن كىرىستقا مىخلانغان ھالەتتە تۇرغۇدەكمەن، ئەتراپىمدا نۇرغۇن ئاپئاق كەپتەرلەر ئۈچۈپ يۈرگۈدەك. كەپتەر-لەرنىڭ كۆزىدىن ساقىغان ياش تامچىلىرى يەرگە چۈشۈش بىلەنلا يەردىن ئاپئاق ئېچىلغان ھەيۋەتلىك ئەترگۈللەر ئۈنۈپ چىقارمىش. شۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى سېزىپ خۇشال بولغۇدەكمەن. ئەمما خۇشاللىقىم كاززاپ دەقىقىلەرنىڭ خىيالىغا ئەسىر بولۇپ، ھەممە نەرسە، كەپتەرلەرمۇ، ئەترگۈللەرمۇ، مەن مىخلانغان كىرىستمۇ غايىب بولغۇدەك، مەن بىر قۇشقا ئايلىنىپ قالغۇدەكمەن.

ئاسماننىڭ ئىسسىدەك
زېمىننىڭ بىسىدەك

ئويچان ئۇپۇقنىڭ ئۆركەشلىرىدە
تىپىرلايدۇ چۈشسىمان بىر قۇش.
قۇربى يەتمەس ئۇنىڭ ھاياتقا،
قۇربى يەتمەس ئۆلۈمگە
ئۇ بوشلۇققا بەخشەندە ھەسرەت،
مۇمكىن ئەمەس ئۇچۇش يا قونۇش.
تاشلاپ كەتتى
غەم كۈيگە ئۇنى قانتى.
بىزەك بولدى
بىھوشلۇقنىڭ روجەكلىرىگە
ياپراق كەبى ساقىپ چۈشۈپ ئامىتى.

غەپلەت بۇرجىدا
ئۆزىنى ئۆرتەپ قىقنۇس كەبى،
قارايماقتا قۇياش ساھىلى.
ئەللەيلىتىپ تەگسىز تۆشەكتە
تىمتاسلىقتىن چىقىلغان قايغۇ،
زىرىكتۈردى قۇشنى ئاخىرى.
چىچەكلەرگە ئوراپ قايغۇنى
قىسمەتلەرگە باسماقتا مۆھۈر
سىپەرگەرگە ئويۇنچۇق زامان.

تەقدىرگە تەسەللى سوراپ
خىيال سۇردى قۇش .
خىيالدا قاناتلىرىنى
ئىزدەپ كەتتى چەكسىزلىك تامان .

توساتتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، چۈشۈمنىڭ كېيىپچىلىكىدە ئەينەككە قارىسام، ئەينەكتە بىر قۇش جۆيلۈپ تۇرۇپتۇ:

مۇھەببەت ئاتالمىش بۇ قەدىم ھەسرەت،
يارىلارمىش
ئېتىقاد كۆيگەن ،
گۇناھ گۈللىگەن شورلۇق نەپەستە.

ياشارمىش
گاھى چوغ بولۇپ ،
گاھى مۇز بولۇپ،
يۈرەك شەكىللىك نازۇك قەپەستە.
ھىجران دەشتىدە
ئالۋۇن كەبى چاقناپ
چاراقلاپ،
شاھلارنىمۇ سەرسان قىلارمىش.
ئۇيقۇچان ئورمان
ئالجىغان دېڭىز،
ھەتتا تەڭرىنىڭ قەدىمى يەتكەن
تاغلارنىمۇ يەكسان قىلارمىش .

بەخت دەپ ياشارمىش ئاشۇ ئازابنى،
ئامىتىنى ئەينەكتىن كۆتۈپ
ناتىۋان ئىنسان.
شۈڭلاشقا ئۇلار
تۇغۇلماستا، ھايات سۆيىدە
يۇيۇنماستا، ئۈمىد كۆيىدە
ئۆلۈمنى يىتتۇرۇپ قويغان.

مەن مۇشتۇمنى چىڭ تۇگۇپ قۇشنى غەزەپ بىلەن بىرنى سالدىم . جاراڭلىغان سادا بىلەن تەڭ بىر تۇتام قۇش قانىتى ھاۋاغا ئۆرلىدى. قارىسام ، ئەينەكسىز رامكىنىڭ ئىچىدە يۈز - كۆزۈم قانغا بويالغان ھالەتتە تۇرۇپتىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئىككى شېئىر

ئەسقەر داۋۇت

### دېرىزەڭنى چېقىپ كىرىمەن

مەيلى لۈكچەك شائىر دە مېنى،
مەيلى يىرتقۇچ ياۋايى ئادەم.
دېرىزەڭنى چېقىپ كىرىمەن،
مەيلى قاتىل دېگىن پەرىشتەم.

ھاجەت ئەمەس ئەمدى تەلمۈرۈش،
ۋە نادامەت يېشىنى تۆكۈش.
ئىمكان يوقتۇر كۈتۈشكە قايتا،
ھاجەت ئەمەس قىلىش ئىلتىجا.

مەيلى لۈكچەك شائىر دە مېنى،
مەن ئاشۇنداق ۋەھشىي بەندىمەن.
سۆيگۈڭ مېنى قىلدى بىتاقەت،
دېرىزەڭنى چېقىپ كىرىمەن.

### ئايال

سەن دېگىنىز دولقۇندەك ئەۋرىشىم گويا،
ۋە لەرزان سەلكىندەك يېقىملىق بۇندا.

سەن بۈيۈك ئەسەرسەن، بىباھا تاشسەن،
گوياكى قەلبىمگە بەتلەنگەن ئۇقيا.

دىرىزەم تەكچىدە ئېچىلغان گۈلسەن،
بەك گۈزەل رىۋايەت، ھېكايەت ھەم سەن
باراقسان دەرەخسەن، ياپيېشىل چىمسەن،
بىر پارچە تەگداشسىز مەنزىرىدۇر سەن.

ئۆزگىچە بىر پىكىر، ئىدىيە ھەم سەن،
بىر سىرلىق ۋەقەسەن، مۈشكۈل جەريانسەن.
مۇرەككەپ مەسىلە، خىيالسەن تاكى،
مۇمكىنلىك ھەمدە سەن چەكسىزلىكتۇرسەن.

بىر دانە نازۇكقىنا سەنئەت بۇيۇمسەن،
ئۆزۈلمەس بىر يورۇش شانلىق مۇقام ھەم.
ئاھ! سەنكى توگىمەس ئۆزۈن كوچىسەن،
ماڭىمەن ئەبەدكە، ماڭىمەن ھەردەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇر شەبنەم

ئەسقەر ياسىن

## يوپۇرماق

تۇرىدۇ پاك روھىم نۇرغا چىلىنىپ،
ئىھ، مۇشۇ زېمىندۇر مېنىڭ يۇرتىم!...
يوپۇرماق،
سۆيمەكتە زېمىننى قۇچاقلاپ ئاستا...

پىنھاندا تىت - تىت بولۇپ تۇرغان ئەي ئادەم،
ئۆچ كۆرۈپ قالدىڭمۇ كۈننىڭ نۇرىنى؟
ئۆزگەرتىپ قويالماس ئەسلا سايىگە،
يوپۇرماق شەكلىگە ئۆزگەرگەن خۇدا،
تەشۋىشلىك كۆڭلۈمدە يىللارمۇ مېنى.
يوپۇرماق،
ئاستاغىنا باشلىدى ناخشا
گوياكى ياش قىزنىڭ ئۆكسىگىنىدەك.
بۇلۇتلار لىققىدە نۇرغا چىلانغان،
كىم ئۇنى ئەكېتەر بۇندىن ئاۋايلاپ؟
تەبەسسۇم تارقىتار يەردە گۈل - چېچەك...

ئايلىنىپ كېتەرمەن يات بىر ئادەمگە،
كىم سۆيسە ياش تۆكۈپ مۇزدەك تېنىمنى.
ئۇلۇغۋار ھىجراننىڭ تۆككەن يېشىدىن،

ياسىدىم شادلىقنىڭ مۇنارىسىنى.
روھىمنى ئۇچۇرۇپ كەتتى مەيۈسلۈك،
ئېھتىمال دۇنياغا تۆرەلدىم خاتا.

## يالىڭاچ تەن

سوغۇققان ھالەتتە كۆيلىنەر گۈگۈم،
ئاي ئۇنى ئاستىلا ئەكەتتى يىراق،
نومۇسنىڭ تونلىرى ئېقىتتى مېنى،
كۆرۈنمەس ئەتراپتا نۇر ياكى قىرغاق.

خىياللار ئىچىدە يېشىندىم جىمجىت،
يات كۆزلەر تاڭ قېلىپ باقىدۇ ماڭا.
يىراقتىن مارىشار قىزلار تىترىشىپ،
ئاجايىپ مۆجىزە كۆرگەندەك گويا.

جىمغۇر - ھە، نەقەدەر ئاي ۋە يۇلتۇزلار،
پەسلىگىن! قەلبىمدە دومىلا ھەر يان.
رەڭلەرنى سۇرتىمەن تېنىم، روھىمغا،
يالىڭاچ ھاياتىم ئۆزۈمگە ئايان.

سەبىيلىك نۇرىدا يورۇيدۇ ئاسمان،
يوق قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇڭا نە چارە. .
شۇ قەدەر كىشىنى تارتار ئۆزىگە،
گۈگۈمدا چايقالغان يالىڭاچ سايە.

## ئايرىلىش

گۈل دۈكىنى ئىزدىدىم ئۇزاق،
ئۇچرار پات - پات تونۇش ئادەملەر.
ئۆگزىسىنى بويلاپ يات ئۆينىڭ،
ئۇچۇپ كەتتى ئاپئاق بىر كەپتەر.
گۈل دۈكىنى تاقىلىپ قاپتۇ،
بىز جىمجىتلا ئايرىلغان.
ۋاقىت خاتا.
ئالدانغان شەكسىز
كىم، ئارقىغا مەيۇس قايرىلغان؟
(ئايرىلىش. . .)
ئايرىلغىنىم نېمىكەن ئەسلى،
ئايرىلىشنىڭ ئارقىسى بوشلۇق.
گۈل دۈكىنىدىن ئىزدەيمەن ئۇنى،
ئاق كەپتەردىن سورايمەن ئۇنى.
گۈل دۈكىنى ئەسلى قۇرۇق ئۆي،
ئادەملەرمۇ ئەسلى ناتونۇش.
شەكىلسىزمەن ئېھتىمال ئۆزۈم،
يۈرگەندىمەن ھەممىلا يەردە
يوقتۇر بەلكىم ئازابلىق تۇرمۇش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نىككى شېئىر

ئەكبەر داۋۇت تەنھايى

## گۆگۈمدىن كېيىن

دىۋانە تون يېتىپ كەلدى كوچامغا، كۆزى -
مەن تېلېفون كۈتكەن ئوخشاش بولۇپ ئىنتىزار.
ساقلاپ قويغان مەنىلەرنى تۆكتى گۆگۈمغا،
سىغدۇرالماي قالدى بالكون بولغاچ بەكمۇ تار.

سىرداش بولۇش ئۆز- ئۆزىگە تەسمىدۇ شۇنچە؟
ئېچىرقىغان سەيلىلەرگە، تىنچىق كەچ ئوخشاش.
بوتكىلارنىڭ چىراغلىرى ئۆچتى بىر- بىرلەپ،
پارلىماقتا قەلبىمدىلا ئازابلىق قوياش.

غېرىب كۆڭلۈم بېكەت، ئۇندىن ئۆتەر كەچمىشلەر،
ئۆزىتارمەن، ساقلاپ سېنى ئاچچىق خورسىنىپ.
يۇلتۇزلارمۇ ئاستا- ئاستا يىتتى كۆزنەكتىن،
تەشتەكتە گۈل ئۇخلار ھالسىز دەردكە چىلىشىپ.

شېئىر دېگەن ئۇقۇم مېنى قىينار توختاۋسىز،
يۈز ئۆرۈسەم تېخى ئەمدى تۇرمۇش غېمىدىن.

شامال يالپۇز ھىدى ئوخشاش ئەپكەتكىن مېنى،
ۋىسال يوقمۇ بىزگە بۆلەك تەمسىز ئۆيقۇدىن؟

## ئۇزاپ كېتەر سۆيۈش پەيتى ۋىسال چېغى ھەم

شادلىق ئىچرە تېپىرلىغان ئوماق باچكاسەن،
كوۋۇكلارغا ئايلانغاندا سوغۇققان قوينۇم.
يۇمران بىخىڭ ئۇنۇپ چىققان روھىم تەشتىكى،
ئاپئاق پېيىڭ جەۋلانىغا ئەگدۇرەر بوينۇم.
يېپىلماقتا مارت نۇرىدەك كۆلكەڭنىڭ سىنى،
باراڭ ئارا لەرزان ناخشا، ئېيتىلغان كۈيسەن.
يۇزلىرىڭدە ئاقار ئەگىز، تىترەيدۇ بەرگىڭ،
كۆز گۈلخانىڭ بولار يەنە ئازابقا ۋەتەن.
قۇچىقىمدا مەستخۇش ھىدىڭ، ئۇندا سوغ شەبنەم،
تامچىلايدۇ ۋاقىت ئۇزرە تىترىتەر مېنى.
ئۇزاپ كېتەر سۆيۈش پەيتى ۋىسال چېغى ھەم،
قېتىپ قالار تەنھالىقتا سۆيگۈنىڭ تېگى.
ئوي ئېچىلىپ ئۇزاقلارغا سوزۇلدى قورلار،
بەخت نېمە؟ ھىجران بىلەن ئېزىتقۇ ۋىسال.
ئىلاھ نېمە؟ بەخت ئوخشاش كۆرۈنمەس تۇيغۇ،
دېمەك، ۋاقىت ـ سوئال ئارا سوزۇلغان خىيال.

## چارچاش

### ئەكبەر سالىھ

قار ياغماقتا بۇ كەچ شەھەردە،
مۇزلىماقتا يوللار، باللار،
ئېرىمەكتە يالغۇز ئايالىلار.

كۆبجۆپ تۇرغان لەۋلىرىم بىلەن
سۆيمەكتىمەن سېنى ئېھ تۇرمۇش.
مېنىڭ بارلىق ئېرىشكەنلىرىم
بولۇپ قالار قايتا يوقىتىش.

بىر سەرسانىمەن، سېنىڭ غەملىرىڭ
بەك چارچاتتى نېرۋىلىرىمنى.
چەكسىزلىكتە ئاققۇ پېيىنىڭ
پەرۋازىدەك ئەركىن - بىمالال
لەيلەپ باقسام توپاندەك گويا
ئېقىپ باقسام ئالەمگە پاتماي.

ئىشخانا، ئۆي، يالغۇزلۇق
بوغماقتىدۇر، قىستىماقتىدۇر
قانىتىمنى، ھېسسىياتىمنى.

يەنە بىر غەملەر
يارىتماقتا يېڭى ئەنسىرەشلەرنى.

چىلاشقۇدەك ئىچمۇيلىپ شەھەرلەردە
پاچاقلىساق ماشىنىلارنى.
يالىڭاچ بولۇۋالساق بىر مىنۇت
. . . . . .
چەكلىنىش
ئىمكانىيەت يارىتىش - يارىتاسلىق
شەھەرلىشىشىمىزنىڭ بەلگىسى.

يامغۇرلۇق كېچىدە بويتاقلىق دەردى
بولىدۇ بەك ئاچچىق ۋە شۇنچە تاتلىق.
ئۆگىتىسەن تۇرمۇش ھەممىنى
ھەم تاڭىسەن بىزگە ئۆزۈڭنى.

تولاپ كەتكەن قوللىرىم بىلەن
چەكمەكتىمەن ئىشىكلىرىڭنى.
ئاچ، تۇرمۇش
ئىسسىناي مەن سېنىڭ باغرىڭدا.
ئېقىپ كىرەي تومۇرلىرىڭغا
مەست قىلغۇچى سۈزۈك شارابتەك.
قار ياغماقتا بۇ كەچ قەلبىمدە
سوۋۇماقتا ھېسسىياتىمىز
سوۋۇماقتا مۇھەببىتىمىزمۇ.

# كىم ئۇ تۇرغان چېچەكنى سىلاپ

## ئەكبەر نىياز پەتتارى

سۆكۆتتەك بىپايان، ئازابتەك چوڭقۇر
قەلبىمدە بىر شېئىر تۇرىدۇ پارلاپ.
مەيلىمگە قويۇۋەت مېنى، مەيپۇرۇش،
ئىچكۈم يوق ئۇشبۇدەم قەدەھتىن شاراب.

ۋەھىمە ياغدۇرۇپ يىراقتا تەگسىز
كېلىشنى خالىماس بەخت، تەلىيىم.
ئەتىنىڭ بوسۇغى ئالدىدا يوچۇن
سايىلەر كۆڭلۈمنى قىلىدۇ يېرىم.

بىلمىدىم تۇرغان كىم چېچەكنى سىلاپ،
چۈشۈمنىڭ گۈل قۇچقان باغلىرى ئارا.
ھېچكىمگە ھېچنېمە دېگۈم يوق نېتەي،
كىم بولار شېئىردەك ۋاپادار ماڭا؟!

بۇ غېرىب روھىمنى سوئاللار بىلەن
ئايىماي تىنىمسىز تۇرىمەن سوتلاپ.
لېۋىمگە لەۋ ياقماق ئىستىسە نىگار،
ياتقۇم يوق خانەمدە يەنىلا ئۇخلاپ.

www.uyghurkitap.com

ئاھ، قەلبىم ئىشىكسىز، يېگانە قەسىر،
كىرىشۈر ھېيىقما، كەل، ئۆلۈم، ئازاب.
ئۆزىنى بىلمىگەن بىلمەس ئۆزگىنى،
سەن بولۇت، مەن قۇياش تۇرىمەن چاقناپ.



## ياپراق ناخشىسى

ئەكرەم ئابدۇمجىت

كۆز شارابى ئىچتىم بىر قەدەھ،
كەچكى شەپەق بولدى جامالىم.
كەل، بۇرادەر، بولغىن ھەمنەپەس،
باشقا ئىشقا يوقتۇر ئامالىم.

سوۋۇپ قالدى يامغۇر تامچىسى،
سۆيەلمەس ئۇ باھار پەسلىدەك.
بىر چاغدىكى مەيىن شامالار
ئەمدى مېنى تاشلاپ كەتكۈدەك.

سۇبھىلەردە قاتقان ئېقىنلار،
سۇۋغا قىلار ئارمانلارنى بەس.
گۈگۈملارغا قويدۇم بېشىمنى،
كەل، بۇرادەر، پېقىر مەست ئەمەس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئۆزۈمگە دىئاگنوز

### ئەمەتجان قۇربان

ئەسلىمنى بوياپمەن ھەرخىل بوياقتا،
مېنىڭدىن ۋاز كېچىپ زارلىنار ئۆتمۈش
شەيتاننىڭ قېنى ئاقار تومۇرلىرىمدا
خىزىر بەركاتىدىن مەھرۇممەن،
ھېچكىممۇ سېلىشتۇرماس ئۆزىنى ماڭا،
مېنىڭدەك بىر غالىب ئىنسان بار يەردە.

قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەك بولۇپ،
سورىدىم سۈلايماندىن قۇشلار لۇغىتى.
روھىمغا دەز كەتكەن كۈندىن باشلاپلا
ماختاندىم ئۆزۈمچە
يالغۇزلا پېقىرنىڭ بار دەپ قۇدرىتى.
ئەسىرلەر داۋامىدا
شامالغا يەمچۈك بولۇپ كەلدى ئىزلىرىم
كۆلەڭگەم بارا - بارا كەتتى قىسقىراپ.
ئالدىغا سىلجىماس ئالغان قەدىمىم،
يەلكەمگە يۈك بولار، پۇتۇمغا كىشەن،
قەدەمسىرەپ كەتكەن شۇ يوللار
تۇيغۇمدا شۇمشەيگەن ئەقىدە گۈلى،

ياراشماس چېكىسىگە بەختلىكلەرنىڭ.
قان تەپچىپ تۇرغان مەڭزىم
نە ھالكى كەچ كۆزنىڭ ياپرىقى گويا.
ئەگەردە
ئەڭ چىرايلىق ناخشىنى توۋلىماق بولسام،
خىرقىراپ قالىمەن بىر بوغۇق ئۈندە.

ياۋروپالىقلار ماڭا
پوچتىدىن ھەقسىز پېرېۋوت قىلىپ يوللاپتۇ
مەن ياقتۇرغان مەدەنىيەتنى.
شۇندىن بېرى، تا ھازىرغىچە،
ياۋروپاچە شوخلۇق بار قىلىقلىرىمدا.
شالغۇتلاشتى
نەسەبىم، ئادىتىم، دىنىم، تىللىرىم،
مىجەزىم، مەنسىپىم، بۈيۈك مىللىتىم.
دېمەككى،
ئۇيغۇرنىڭ ھىدى يوق تىنىقلىرىمدا.

*    *

ئاقتۇردۇم ئالەمدىن
نامرات تېنىمدىن قاڭقىپ كەتكەن ئەسلى روھىمنى.
ئوخشاتمىدىم ئادەمگە ھازىر
يېتىم بالىدەك غېرىب قالغان ئۆزۈمنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئەنۋەر ئەخمەت

### ئەسىر قەسىدىسى

دېڭىزدىنمۇ قەدىم مۇھەببەت
قايتتى بىزگە قۇياش نۇرىدەك
نۇرغۇن سەۋەنلىك
بولساقمۇ گەر گۇناھسىز
بارمۇ يۈزىمىز
ياشىغۇچى سالاھىيەت بىلەن قول ئېلىشىشقا
بىزدىن بۇرۇن ئۇ ئالەمگە يول ئالغانلارغا.

تىنچ، ئەنبەردەك مايىنىڭ ئاخشىمى
تىرىكتۇر ئاتىلار
ئۇن ئىككى مۇقام كۈيلىرى ئارا
كۈمۈشتەك ساقالدىن باشلانغان بىر يول
كېتەر، كېلەر نۇرغۇن كىشىلەر
ئېلىپ بوغدا چوققىسىدا قاتقان قار-مۇزنى
مەنزىلنى تاپالمىغان ئازغۇن تارىمنى.

ياشاش بىر پۈرسەت قىسقا نىھايەت
ئۇ قولىمىزدا كىرىزىسقا تولغان بىر قەدەھ
ياشاش تامام دات باسقان كەتمەن
كونىراپ بۇرجەكلىرى تىتىلغان دەستۇر
ئۇ ھەم نەچچە ئەۋلاد سىيرىپ تۈگىتەلمەي
ئەۋلادلارغا قالغان بىر تەسۋى
تەنھا كەپتەر
چاقنار شەھەر بوشلۇقىدا يۈرەكئالدى ھەم
ياربدار قۇياش بۇلۇت ئارا كۆرسىتەر تەلەت
سانسىز قېتىم يامالغان ئاسمان ئاستىدا
سوزۇلغانمۇ بارچە يوللار يامانلىق تامان
بۇندا پەقەت قۇياشنىڭ نۇرى
جىمجىت قاراڭغۇلۇققا سىمۋول بولغان.

ئاقساقاللار- بوۋامدەكلا تولغان مېھرگە
خۇددى سۆزۈك خىرۇستالدەك ئوغۇل- قىزچاقلار.
چاقناق تەكىنىڭ ئاستىدىكى ئەي گۈلگۈن ئايال
سىلەر ئۈچۈن يىغلاۋاتقان ئەمەس بىر مەنلا
دېڭىز- ئوكيان تەرك ئەتكەن يىراق ئۈرۈمچى
قەشقەر، خوتەندە، ئىلىدا
چۈش
كۆپتۈر بەك كۆپ
تارىخ تەرىپىدىن ئوقۇلغان كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارىخ ئۆچۈن بارلىقىنى ئەيلەيدۇ بەربات
كېتەي دېسىمۇ دۇنيادىن بىپەرۋا بەڭۋاش
ئامالسىز قېچىشقا ئۇلار تارىخ ئالدىدىن
ياشار ھەر ۋاقىت تارىخنىڭ تالىلىشىغا باب.

ئىزى ئۆچكەن قەدىمي قاغجىراق دەريا
زەڭگەر ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن راسا
سۇ ئالار ئانام سايىسى دەريادىن تىنماي
بۇغدايدەك تازا
توغراقلىقتىن سادا بەرگەن قەدەم تىۋىشى
ئاشلىق ھەمدە يۇلتۇزلۇق كۆكنى باسقان ئېشەك ھارۋا.

يورەر يەنىلا شۇ ئاۋۋالقى چىغىر يولدا
باقار چوپان پادىسىنى قىزىل گۈگۈمدا
تۈن-كېچىدە چېكىلگەن ئىشىك
ئويغاتتى ئەنسىز بالىنى چۈشىدىن
دادام سەپەردە، يامغۇرلارغا ئايلاندى يېشى
تا ھازىرغىچە يوقتۇر ھېچ خەۋەر
قەيەردىندۇر كۆتۈرۈلەر ئىس
يىراقتا كارۋان
يىللار ۋە گاڭگىراشنى يۇك قىلىپ
يورەر جىبدەللەپ نىشان تامان

يىپەك، قاشتېشى، ئالتۇن، كۈمۈش
ھەم قوپقورۇق قول
گاچىغا ئايلانغان توزان
تاۋاپكارلار كەتتى ھەر تەرەپ
قالدۇرۇپ ئۇزۇلمەس نەزىر-چىراغنى
ئاي-يۇلتۇزنى، سەرسان بولۇتنى
باھارنىڭ شالاڭ ئوتلىرى
ئالغان قەدىمي چۆللۈكنى چۈمكەپ
شامال ئۈن-تىنسىز ھۇشقىتار
ھەممە قىسمەتكە ئايلانغان تامام
پاكلىق، رەزىللىك، شۆھرەت، چۇش-خىيال
ئەسەبىي شادلىق ئېتىقاد
چۆل تاشلىرى يىرگىنىچلىك گۈزەللىك ئارا
قاقاس دالانى تورۇپتۇ پۈركەپ.

كۆيەر گۈگۈم قارا كۆلگە ئايلىنىپ
بىز سۆيۈشكەن ھەم يىغلىغان شۇ يەردە
ئىغىر توزانلار تۈن كۆكىنى ئۇچار بىر ئېلىپ
ئاياغلاشقان قايتا ئويۇنلار، قايتا باشلىنار
تونۇگۈن، بۈگۈن، ئەتە
بىر توپ ئادەم ئوخشاپ گۈگۈمغا
توقار خارابلاشقان گۈزەللىكنى
ئەمما تەڭرى

ئاڭلاپ بولۇپ مەدھىيىسىنى ئۇلارنىڭ
ھەيدەر تامام ھەممىسىنى دوزاخقا
زەڭگەر ئاسمان مۇنبەت يەرنى ئىگىلەپ ئۆزى
ئۇلۇغۋار ئۇزۇلمەس غۇۋالىشىش ئىچرە
ئىشلەيمىز
تەپەككۇر قىلىمىز
يارىتىمىز
ئۆزگە بىر دۇنيادىن بېرىپ بېشارەت
تەنھالىقىمىز
ھەرە چىشىدەك نۇرلىرىدا چاقار كۆزلەرنى.

## بۇ كېچە

بۇ كېچە
سۆزلىمىگىن ئاتام ھەمدە ئات ھەققىدە
ئاتام ئات
ئىسسىق - سوغۇقنى كەچۈرۈپ باشتىن
چاپماقتا مېنىڭ قورۇق باياۋىنىمدا
چېكىپ زېمىنىنىڭ يۈرىكىنى
چېكىپ مېنىڭ يۈرىكىمنى.

سۆزلىمىگىن ئازاب ھەققىدە
ئوخشايدۇ ئۇ كۆلنىڭ سۈيىگە
سۆزلىمىگىن قىرى ئاي ھەققىدە

يورۇق بەرمەس بۇ كېچىگە
سۆزلىمىگىن زۇلمەتتىكى گاراڭ يىللار ھەققىدە
بۇ كېچە
مەنسۇپ پەقەت ئۆزىگە
قارىغىنا ئاققان سۇلار
غايىب بولار بۇ كېچىنىڭ چۈشلىرى ئارا
يىراقتا پەقەت جىمجىت كەنت
ئاتا نىمە سېنى
ئىگە قىلدى مۇشۇنداق مول ئېتىقادقا.

چېپىۋاتقان گۈلدەك يالقۇندەك
روھ جاراھىتىنى چېكىدۇ ئات
بۇ كېچە
سۆزلىمە تەنھا مەن ھەققىدە
سۆزلىمە قاغجىراق دەريا بويىدا
سۆزلىمە. . .
دۆۋىلەنگەن بارچە ئىشلار يىللار يىراقتا
ئاتامنىڭ ئاشلىقىدەك، يالقۇندەك
داۋاملىق يورۇقلۇق ۋە زۇلمەت
بىلدىڭمۇ ئاتىنىڭ چاپقۇرلىقىنى
بۇ كېچە مېنى
ئالدى چوڭقۇر ئىلكىگە ھەسرەت.

( جېلىل خېلىل تەرجىمىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## نىگەر دوستۇمغا خەت

### ئەيساجان تۇردى ئاچچىق

ئەزرائىلغا نېمىلەر دېدىڭ؟
خۇدا بىلەن قانداق كۆرۈشتۈڭ؟
كىم كۆرسەتتى جەننەت يولىنى؟
پىلسىراتتىن قانداقچە ئۆتتۈڭ؟

يۈرىكىمدەك ئىسسىق بىر جايدا
روھىڭ بىلەن ئۇچراشتى روھىم.
بولساقمۇ گەر ئىككى قىتئەدە،
بىز ئەسلىشىپ قالىمىز بەلكىم.



# ئايسىز ئايدىڭ

باتۇر روزى

ئايسىز ئايدىڭسەن
دۇنيانى
كۆرسەتكەن كۆزۈمگە ئوغۇز رەڭگىدە؛
دولقۇنلىرىڭ قۇيۇلماقتا باغرىمغا،
چۇشۇرگەمدىن تاشتى شامالللار. . .
كېپەنلەردىن تاشلىدىم قاسراق،
قاڭقىپ چىقىپ يالتىرىغان ئاسماندىن
شۇڭغۇپ كىردىم بوغۇزىغا بورانىڭ،
قوغلاندىم
ئامانەتكە بەرگەن ئۆيۈڭدىن،
يېپىلدىم
نۇر بەرقىگە ھامىلدار غايىبانە چېھرىڭنىڭ -
شولىسىغا باغلىنالماي تىتىلىپ تۇرغان
يورغا يولللارغا. . .
بارماقلىرىمدىن قاچتى تېپىلىپ
شىلىمشىق قۇببەڭ،
شەيتان خەمەكلىگەن چۆنەكلەر ئارا
ئۇرۇقلارنىڭ بۆكتۇرمىسىدىن

بىخلىماقتا پىلەكلىرى ناخشانىڭ؛
غوزەكلەرنىڭ ئارامگاھىدا
نۇر پىلىسى ئىشلىمەكتىسەن،
يىپەكتەك ئەۋرىشىم قەددىڭنى سوزغانچە
سۆكۆناتنىڭ بۇرجەكلىرىگە.
سەن كىمنىڭ كۆكتىكى قەبرىنامىسى؟
ئايسىز ئايدىڭسەن،
كۆكسۆڭدىن باشلانغان رەڭلەر بەزمىسى.
نەپەسلەرنىڭ كاۋاكلىرىدىكى پايانسىز يايلاقلاردا
پىنهان قېيغىتىپ تۇرغان دېڭىزلار پادىسى،
دەملەر تۆشۈكىدىن نەي ئاۋازىدەك
جاھاندا پاتمىغان ئىشرەت نەغمىسى.
خۇش پۇراق شەھۋەت قىيانلىرىنى
نازاكەت سەھنىسىدە لەرزان ئۇسسۇلغا سالغان
ئەي، ئوغۇز رەڭ ئەپسۇن!
جان دەرىخىنىڭ ئوق يىلتىزىدا ئېقىپ يۈرگەن چوغلار ئېقىنى
ئەي، ئۆلۈمنىڭ خىلۋەت ئوردىسىدىن يامرىغان شاراب توپانى؛
ساقىيلارنىڭ بۇزرۇكۋار تاجىغا قادالغان ئەگگۈشتەردىن
مەن كۆرمىگەن
تۆرەلمىگاھىمدىكى غەيرىي دۇنياغا غىل- پال كۆرۈنگەن
ئەي، كۆز تەگكەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز،
قېقىلغان يوقلۇقنىڭ بوغۇزلىرىدىن
پارتلاپ چىققان ئىستەك بومبىسى!



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىمگە كۆرۈنگەن
ئوغۇز رەڭ ئايدىڭ،
سەن ـ
تىلسىملارنىڭ رەڭۋاز ئەينىكى!

باغرىمدىكى دۇتارنىڭ تارى
ئويناتماقتا بارماقلىرىمنى،
دولقۇنلۇق كۆيلەر قايمىسىدا قايماقتا شۇدەم
تاۋۇشلارنىڭ ئىشىكسىز ئۆيىدىكى بەزمىسىدە جىنلارنىڭ
دەرمەكلەردىن مەست بولغان جەسەتلىرىم،
لاتقىلاردا بىخسىمان نەپەس
هاۋا چىملىقىدا قاتقان كۆپۈكلەرنى توزۇتماقتا هەم؛
نۇرلارنىڭ توز قانىتىدەك يېيىلغان كۆلكىسىنى كۆردۈم
تىتىلغان ئۆپۈقنىڭ رەڭدارلىقىدا سەجدىگە چۆككەن
قۇلۇپلانغان شامالنىڭ ئاھىغا يۆگىشىۋالغان كېچىلەرنىڭ
گۆركىرىگەن ئوت ئەينىكىدە.
كۆزۈم بولاڭچىسى ـ ئاسماننىڭ تېپىكلىرىدە لەرزىگە كەلگەنچە،
چۆكتى ئاسمان
ئاتەش قايىنىمىغا تونۇرۇمنىڭ؛
دۇنيا
تولغاندى قىلدەك
كۆيدۈرگىلەر داپخانامدا ياسىغان مەشرەپتە.
كۆردۈم

ئەسلىمىلەرنىڭ
قەبرىلەردىن پاناھ تىلەپ قاچقانلىقىنى؛
يالغۇنلۇق تاجىمنى تاشلىدىم بىر پەس،
قوۋۇرغىلار قورشاۋىدا يالىڭاچلاندىم
تۇتۇنلەردە لەيلەپ يۈرگەن ئۆچقۇنغا ئوخشاش؛
بارلىقىمنى سىلىپ تاشلىدىم،
قايتىپ كەلدىم ئوغۇز رەڭگىگە
ئايدىڭغا قوشۇلدۇم بىر تامچە سۈتتەك. .

ئايسىز ئايدىڭسەن،
غايىب بولغان تاغلار ئورنىدا
قىياسىمدا لەيلەپ يۈرگەن ئەي سۆزۈك مانان،
بەھەيۋەت ئۆركىشى ھۆجەيرىلەرنىڭ
قانداقمۇ پاتقاندۇ ئاراشلىرىڭغا؟
بولمىغىنىمدا
سىنى تۈزگەن بىر تال يىپ ئەگەر،
يورغىلاپ تۇرغۇچى بارماقلىرىمدا
سىغدۇرۇۋالمىتىم ئۇپۇقلىرىڭنى
شەرەتلىرىم قىرغاقلىرىغا؟
غايىب بولغان تاغلار ئورنىدا
دۇتارنىڭ قارنىدەك پومپىيىپ تۇرساڭ،
تىۋىش بولۇپ ئۈنەرمەن بىر كۈن
تارلىرىڭدا مۆكۈشمەك ئويناپ

پىلدىرلاپ ئۇچقانچە ھەتتاكى-
كۆيلىرىڭنىڭ كەڭلىكتىكى قورشاۋلىرىدىن
بۆسۈپ چىققىنىچە چەتنەپ كەتكەن ئايدىڭدا.
تىترەڭگۈ كىرپىكتە توختىغان ياشتەك
ئەلەڭگىپ تۇرغىنىم ئېسىمدە پەقەت،
كۈن نۇرىدەك سوزۇلسىمۇ كۆزلىرىم
بىغىرلاپ قايتالماس ئەلەڭگۈچىڭنى؛
ئۇنىڭ تېرەن تۇگۇنچەكلىرىگە
دېڭىزلارنى بويلاتماقتىسەن،
ئۇنىڭ يۇكسەك بالداقلىرىغا
جاپاكەش قۇياشنى سەكرەتمەكتىسەن،
كىشنىمەكتە ئالەملەر
ئاياغلاشماس مۇساپەڭ ئارا ...

ئايسىز ئايدىڭسەن،
بىر چېتى قارايغان پايانسىز خىيال
تىمسىقلاپ كەلمەكتە بۇرجەكلىرىڭدىن،
ئوغۇز رەڭلىك بۆزغۇندەك؛
دەم يوقاپ كەتمەكتە ئەمچەكسىمان ئايدىڭدا،
دەم ئۇنمەكتە چاقماقلارنىڭ يالتىرىشىدا؛
قەدەھلەرنىڭ قىسلاچلىرىدا
ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىغان شاراب
چاقماقلارنىڭ يېرىقلىرىدىن

تاش يامغۇرى بولۇپ تۆكۈلەر،
ئالۋۇنلارنىڭ ئۆركەشلىرىدە
دولقۇندىن ـ دولقۇنغا سەكرەيدۇ شۇ دەم،
قاناتلىرى ئۇستىدىن
ئىرغىتىپ تاشلايدۇ تۆرەلمە پېتى
بىسى قايرىلغان قىلىچقا ئوخشاش
ئالۋۇنلار ئۆركىشى ئۇستىگە مېنى.
ئايدىڭنىڭ پايانسىز ئىقلىملىرىدا
ھىجران ئوردىسىدا سەرسان بىر شاھمەن،
شولىلار شاۋقۇنى سىڭگەن ناخشامنىڭ
ئاۋازىغا ئالدانغان ئۆزۈم؛
خانىشنىڭ نازاكەت بەزمىسى ئارا
ناخشىلار ئوقۇيدۇ ئېزىققان كۆزۈم:
ئوغۇز رەڭ ئەي دەرەخ،
ياپرىقىڭ يېشىل،
ئوغۇز رەڭ جۇپ يىلتىز ئاچماقسىمان؛
ئاغزىڭدا ئىككىگە بۆلۈنگەن قۇياش،
يىغىلغان ئايدىڭسەن قۇيۇنغا ئوخشاش،
ئاتەشلىك ئورداڭدا قىزارغان چوغلار
ئوغۇز رەڭ نۇرلارنىڭ پاتقاقلىرىغا
چىلىنىپ ئۆگەنگەن چىملىقلار ئارا
جانلار يولۇۋسىنى چىللايدۇ شۇئان!
ئەي، يالقۇن قاينىمى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەي، گۈلگۈن باشاق،
ئەي، بىر يول يىگىنىگە مۇجەسسەم ئايدىڭ،
جاراھەت ئاغزىدىن تاشقان ئەي، چېچەك،
يىغلار شەھىرىنى ئۇۋۇلىغان كۈلكە،
كۈلكىلەر ھۆسنىگە قان تەپكەن ئارمان!
ئارمان تۈنلىرىنى ئالدىغان سەھەر،
سۇبھىدىن مەي تىلەپ ئالجىغان شامال؛
قەبرەمنى كۆردۈم مەن:
دېۋەيلەپ كېلەر
شامالل ار ئايدىڭنى بېغىرلاپ شۇ دەم
يىقىلغان ئۆگزەمدىن يايغانچە قانات
جەسىتىم ئۈستىدە سىلكىگەندە پەر. . .
ئۇغۇز رەڭ نۇرلارنىڭ پاتقىقى ئارا
ئايدىڭغا يامرايمەن،
ئانا ئايدىڭغا؛
ئايدىڭدىن - ئايدىڭغا سوزۇلغان دەملەر
شاراب كەل كۆتىمەن تەشنا باغرىڭغا.

## بۆرە[1] ئەرۋاھى ناخشىسى

بەگمەت يۈسۈپ

سىلەر مېنى ئۆلتۈردۈڭلار قان قىلىپ
ئەرۋاھىمنى يادلايسىلەر نېمىشقا؟
نىقابلانغان نەسىھەتكە ئالدىنىپ،
كۆڭلۈڭلارنى بەزلەيسىلەر نېمىشقا؟

سىلەر مېنى ئۆلتۈردۈڭلار قان قىلىپ،
ئەقىدىگە قىلىپ يەنە خىيانەت.
ئۇشۇقۇمنى ئېسىپ قويۇپ بۆشۈككە،
بوۋاقلارغا سۆزلەيسىلەر رىۋايەت.

ئىدىم ئەسلى روھىڭلارغا ھېكمەتداش،
«رىۋايىتىم» بۇنىڭ قۇتلۇق مىسالى.
كىم بىلىدۇ ئۇنتۇلامدۇ بۇمۇ ھەم،
ئېزىققاندا بوۋاقلارنىڭ خىيالى.

---

① بۆرە - بۆرە ھەققىدە رىۋايەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# سالغا تېپشى

بوغدا ئابدۇللا

1

يۇلغۇننىڭ ناخشىسى ئاز ئەمەس،
كۆنۈك سادالار ئىچىدە لەيلىمەس،
ئەركىلىتەر ئۆزىنى توقاي، ساھىلدا،
بىزارلىقتىن يىراق، غېرىچ چەتنىمەس.
رەڭلەر يوقاتسا بارغانچە بەلگىسىنى،
چاڭ - توزاندا بۇرۇقتۇم بولسا بۇ ئالەم،
ھەيھات، نېمە كۈچكىن ئۇنى ساقلىغان،
دەقىقىلەر ئۆلەر، ئۇ تىرىك ھەر دەم.
دىنوزاۋۇرلار قالدى قاياقتا،
غار ئارا تۇخۇملىرى پولتىيىپ قاتقان.
بىنەپشە رەڭلەر ئەسرار ئەلۋەتتە،
دېرەك ئالدىدا ئەمەس ئاغمىخان.
نىل ۋە دونايىنىڭ كۆك شاۋقۇنىغا،
تەڭشىلىپ تۇرىدۇ تۇنجى مەرغۇلى.
ياۋايى ۋادىدا تۇغۇلغان رىزقى،
بوراندەك ئېچىلىپ بارىدۇ يولى.

مىلادى دەم تۇرۇشتىن بۇرۇن،
ئوتنى تېرىپ كەلگەن باغرىغا.
ئۇ گىياھلارنىڭ پىرومىتىسى،
چۆللەر كىرىپ كەلگەن ئىختىيارىغا.
بوشلۇق ئىچىدە قايتماس ۋاقىت،
دەشت ھاياتى باش ۋە ئاخىرسىز.
تىرىكلىك ئۇرغۇيدۇ قېنىدا،
يارمايدۇ تاش ئۇرۇقمۇ روھسىز.
تەقدىرنىڭ سالغا تېشىغا،
ئوخشاپ قالىدۇ چۆل بىلەن ئىنسان.
ئۇنىڭدا بار يارىلىش، ئۇدۇم،
كەلدى ياشاپ مۆجىزىسىمان.
ئىنتىلىش كۈچى – توتېمىدىمۇ ؟
سۆيۈنۈش كۈچى – يىلتىزىدىمۇ؟
ھاياتىي كۈچى – شور تۇپراقتىمۇ؟
بايلىق كۈچى – ئوغلان - قىزىدىمۇ؟
بەدەل، تارتىنىش، ئۇنتۇلۇش،
ھالسىراش، سېغىنىش، كۈچەش،
ئەسلەش، سوزۇلۇش، ئۆرلەش،
كۆيۈش، تېگىرقاش، تىرەجەش.

## 2

مۇقەددەس دەرەخكە چىگىلگەن لاتا،
ئارزۇ-ئۈمىدىنىڭ ياپراقچىسىدەك.
قوچقار مۈڭگۈزى شامالدا ئۆڭگەن،
ئەپسۇنسىز دۇنيانىڭ جاكارچىسىدەك.
قايتار ئادەملەر تۇغ-شادىغا،
روھ يۈيۈلۈپ تۇرىدۇ قۇملۇقتا.
سەبىيلىكتىن باشلىنار نەپەس،
گۈلخان ئايلانغاندەك ئالتۇنغا ئوتتا.
كېچە، قۇملۇقنىڭ قاراڭغۇسىدا،
كېلىدۇ ياۋايى جەڭلەردىن سادا.
بۇ ئەقلىدىن غەيرىي كۆرۈنۈش،
كۆرسەتمە خۇدا!
سايىنىڭ تېشىدەك قاقشال باش سۆڭەك،
مىڭ گەز كۆمۈلسىمۇ گۆھەر بولالماس.
بوراندا ئېچىلىپ كۆكلەيدۇ توپتەك،
(بەلكى شۇ، بەلكى ئەمەس ئاداۋەت، قىساس! )
بىر-بىرىگە سوقۇلار دەھشەت،
ھۆۋۈلاشنىڭ ئىچىدە چاچرار ئۇستىخان.
بۇ يۇلتۇز ئەمەس ئاققان،
بۇ ئەمەس يەكمۇيەك مەيدان.

بۇ تارىخنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ؟
بۇ ئىنكارنىڭ خۇلاسىسىمۇ؟
بۇ تۆرىلىشنىڭ جازاسىمۇ؟
بۇ غالىبىيەتنىڭ تەنتەنىسىمۇ؟
بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ مېۋىسىمۇ؟
ھەممە كۆمۈلىدىكەن تەبىئەتكە،
ھەممە سىڭىدىكەن تەبىئەتكە.
ياتلىشىپ، داۋاملىشىپ،
ئۆلىشىدىكەن ئەبەدىيەتكە.
بوران توختار، جىمىيدۇ ھەممە،
ئاقار قۇملۇق لايلانماي پاكىز.
يۇلغۇنلارنىڭ چۈشلىرىمۇ ئۇڭ،
بۇلغىنىشنى بىلمەيدۇ ھەرگىز.
تەبىئىيلىك ماسلىققا چۆپقەت،
بەلگىسىز يانتاقتا ياققاندەك شېكەر.
كەم - كۈتىسى يوق يا ئارتۇقى،
جۇلالانغان ياقۇتتەك بۇ يەر.
مۇڭگۈزلەرنى مەشئەل قىلغان يۇرت،
رىۋايەتلىرى بىر ئالتۇن ئاچقۇچ.
ساقلانغان چىشلارنىڭ ئاراشلىرىدا،
يېگىلانغاندەك خېمىرتۇرۇچ.
تىڭشا زېمىننى قۇلاق يېقىپ،
بايقىلىدۇ داپ ئارا رىتىم.

ھالسىز ئەمەس، تۇلپار يورغىسى،
كەمتۇك ئەمەس، بېجىرىم.
ياۋايى تاش ئۆڭكۈرلەر ئۆچكەن،
كۆرۈنەر مىڭ ئۆيلەرنىڭ بويىقى ئارا.
كۆچەر ئاندىن كېپىكلەرنىڭ كۆزىگە،
نوھقا تۇتىشىدۇ بارا - بارا.
ئۆتىدۇ ئۇ
مىڭ پاتمان كەتمەننىڭ كۆزىدىن،
ساپانلارنىڭ قولىقىدىن،
يالاڭ ئاياغلارنىڭ تىنىقىدىن.
ئۆلىشىپ تۇرىدۇ بىر ئۇچى،
بۇرۇجدىكى سەييارىنىڭ ئايلىنىشىغا.
قوغلىشىدۇ ئاۋازنى ئاۋاز،
بېلىق ئاققاندەك سۇنىڭ بېشىغا.
پارقىراق كۇمۇتا، پەرۋانە ھەتتا،
شۇ سىزىقتىن ئەمەس تاشقىرى.
تومۇزغىنىڭ نەپسى تىرىلەر،
شۇ ھېكمەتنى بىلگەندىن بېرى.
چوڭقۇر بىر سۈكۈت،
ئۇنىڭ ئىچىدە بىر سۇزۇك تامچە
ئۆسۈپ - ئۆسكەندەك سەدەپتە
بىباھا بولىدۇ بارغانچە.
ئېقىن بويلىرىدا ئاۋۇدى كۈن - تۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېپىنىپ يۇرگىنى قوي تېرىسى.
ياۋايى توڭگۇزنى مىنەر كالىدەك،
هايقىرىپ تۈۋلىغىنى مۇقام - ناخشىسى.
مۇقەددەسلىك تۇغۇلىدۇ نېمىدىن،
يا قان - تەردىن،
يا خىسلەتنىڭ خاتىمىسىدىن،
يا ھاتەملەر كۆكسىدىن.
سۇ ـ يورۇپ تۇرغان قاشتېشى،
دەشت ـ ئۇسساپ تۇرغان بىر قاپاق.
بوران ـ ئۆرۈپ - چۆرۈگۈچى؛
ۋاقىت ـ پاختىسى ئۇچار بىر قامغاق.
قەدىم ئىزدا ئاقىدۇ توپراق،
قەدىم خۇشبۇيلۇق كەتمەيدۇ ئېرىپ.
يۈكسەكلىك بار خىيابانىدىمۇ،
كۆك قىياق ياشايدۇ مەغرۇرلىنىپ.
ئاققان، قوشۇلغان، يۇغۇرۇلغان،
تىكلەنگەن، ياشىغان، گۈمۈرۈلگەن.
تۇغۇلغان، سۆرىگەن، سۆرەلگەن،
تىرماشقان، قىر ئاشقان، نان يىگەن.
قارا قۇرۇمدىن - ئىدىقۇتقىچە،
خان سارايلىرى، ئىبادەتخانا
ئالتۇن مەبۇد ۋە ئالتۇن چىراغ،
بىلگەن راست دەر، بىلمىگەن ئەپسانە.

ئۇرخۇن ئاقىقان يىراق - يىراقتا،
تارىم دەريا ئاقىقان بۇ ياقتا،
تەڭرىتېغى بۈيۈك ئۇمۇرتقا،
بۆشۈك بىلەن ھەيكەلشكەن ئانا.
ئانا تىلنىڭ شەربەتلىرىدىن،
تامشىپ - تامشىپ ئالغاندا لەززەت،
دېگىنىز بولۇۋىدەك تۇرغان مېڭە
ئېچىلىپ ۋىلىقلاپ كۆلەتتى پەرزەنت.
ئاق ئارغىماق ئۈستىدە مەھمۇد،
ئارىلاپ يۇرگىنى يۇرت - قوۋم.
پەي قەلەمدە قوناتتى سۆزلۈك،
چۈشەنچىلەر ئەمەس ھېچ مەۋھۇم.
«قۇت» نى قوشار «بىلىك» كە يۈسۈپ،
كېلەچەك يىللارغا كىرىپ ئالدىدىن.
ئايىغىدا ئۇتقاش پاياندار،
چاچقۇلار ئايلىنار ئۈستۈۋېشىدىن.
بىرى مۇنەججىم - يۇلتۇز سانار،
بىرى كىمىياگەر.
بىرى مۇھەندىس،
بىرى مومىياگەر.
قەدىم دېگەن سىرلىق بىر ئۇقۇم،
تەلەپ قىلماس ھېچبىر ئىزاھات.
بەلكى قالغان يىلىكلەر ئارا،

كۆچى بىلەن ئىرغىيدۇ ھايات.
ياۋايىلىق قەدىمىيلىكمۇ؟
زامان بېسىپ كېلىدۇ ئىنسان.
ئۇ ئۆزىنى بىلەر ھەم بىلمەس،
خۇددى مۇجمەل بىر تەبىرسىمان.
قالىدىكەن ئەپسۇس يەپ ئاخىر،
بۇ تۇغۇلۇش - ئۆلۈش ئارىسى.
قىزىرىپ ئۆچكەندەك تۇمۇر ئاتەش،
ھالىدىن كېتەر كۆزىنىڭ قارىسى.
يا جاۋاھىردىمۇ قىممەت؟
يا كىبىردىمۇ قىممەت؟
يا يالغاندىمۇ قىممەت؟
يا سىردىمۇ قىممەت؟
يۇمرانلىق تورىدۇ كۆكىرىپ،
خاتىرجەملىك كۆتۈرىدۇ باش.
ئوچۇقلۇق – يىللارغا بەرىكەت،
ئېزگۈ نىيەت – يول، قاياش.
تىلسىم ئۈستىدە ئۇچار لەيلەكلەر،
نېمىگىدۇر يېقىنلاشقاندەك،
كەكلىك ئېدىرغا سىڭەر بولغاندەك،
نېمىدىندۇر ئۇزاقلاشقاندەك.
خىزىر يۈرەرمىش چەت - ياقىدا،
كۆمەرمىش ئېچىلىپ قالسا زېمىن.
تۈلكە تۆشۈكى بوپكەتمىسۇن دەپ،

سەھەر - تاڭلاردا قىلارمىش ئامىن.
بۇ يەردە مەنزىلدىن مەنزىلگە،
كۆچكەن يىلانلار ئىلگىرىلەپ.
گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار،
غەلىتە نەرسىنىڭ ساداسى،
لەرزىدە زېمىن - زامانە،
ماكان - ماكانە،
قورققان ئادەملەر دەرەختە،
تاڭ قېتىپ تۇرۇشقان سەھەرلەپ،
ئۇزاپ كەتكەن شۇ يوسۇن بىلەن،
سىرلىق غەلىتە ھەممە - ھەممىسى.
بۇ بىر قۇيۇنسىز قۇيۇن،
ۋاقىت - سائىتىنى بولمايدۇ بىلىپ.
تەبىئەت بىر مەۋھۇم تاردەك،
تۇرىدۇ ئەيتاۋۇر
تەڭشەكسىزلىك ئىچىدە تەڭشىلىپ.

4

تۇن بويى توختىماي يېغىپ تۇردى قۇم،
(توشقان يىلى دەر بۇنى رىۋايەت. )
كېتىك شەھىرى، سېپىل، قەلئەلەر،

رەستىلەر، خەزىنە، باغۋاران پەقەت،
قالدى ۋەيرانلىق، قاراڭغۇلۇقتا،
مەسچىتلەر، مۇنارلار، گۇمبەزلەر،
ئۆيلەردە ئۆلۈكلەر قاتقان غارايىپ،
(شامالدا ئېچىلار بەزەن - بەزىلەر)
قۇشنىڭ بېشىغا كەلگەندەك ئەجەل،
چۆككەن بىر هايات قالدى ئارقىدا.
ئامان قالغانلار كۆچتى جان ئېلىپ،
تاغلار كەل - كەل دەپ تۇردى شىمالدا.
نېرىسىدا گۆرۈلدەيدۇ قۇم،
خىيال يەتمەس بىر تىلسىمات.
قانچە چۈشلەر قالدى قەيەردە،
ئىزدەپ قويۇشار پات - پات.
ئېگىزلىكتە مىنگىشىپ تۇرغان،
زەدىۋال تاغ، تاش قوۋۇق تېغى،
نامسىز ئوتلار كەچ كۆزگە هۆسن،
تۇلپارلارنىڭ قىزار تۇۋۇقى.
سۇ ئىلاهى قۇدرەت كۆچىنى،
كۆرسىتىدۇ فىروزەسىمان.
لاچىن كۆڭلى ئۆسەر قىيادا،
قانىتىنى بۆلەيدۇ ئاسمان.

5

تەكلىماكان ــ ئەمەس ياۋايى ئۇقۇم،
ئۆزىگە سىڭگەن نام سۇ تامچىسىدەك.
ئۆزىگە ياراشقان ئالتۇن تاجىدەك
ۋە يا زەر باسقان دوپپىدەك.
قۇم چېچىپ يۇرگەن ياۋايى تۆگە،
تۆگە يەنە بىر سالغا تېشى،
بۇ يەر ئۇچۇن چۇشۇشى،
بۇ يەر ئۇچۇن كۆيۇپ ـ پىشىشى.
ئۇتتۇرۇش ئەمەس زۇۋانسىزلىقى،
چۆلدە يۇرگىنى ئەمەس غاپىللىقى.
ئىزىنى كۆمۇمەن دەيدۇ شامالار،
باتۇرلۇقى ــ جاھىللىقى،
ئۇ تىرىلىدۇ دەشتتىن،
ئات تىرىلگەندەك شامالدىن،
كالا تىرىلگەندەك سۇدىن،
قوي تىرىلگەندەك شوردىن.
كۆز نۇرى توشقان يۇڭىدەك،
ئاتەش قۇم بىلەن بولغان بىر گەۋدە.
ئۇ باغرىنىڭ ھېكايىسىدەك،
تارالغۇسى بوگۇن ھەم ئەتە.

بىز ئىنسان، بىز كىبىر ئىچىدە،
روھى بىلەن كەلدۇق ئىتتىشىپ.
كىم ئەيىبلىك سۆزلىسۇن زامان،
ئۇ ئەرشتە بولماس تەڭشىلىپ،
ئۇ بۇگۈنگە ئايلانغان قەدىم،
يىراق دېڭىزغىچە بارغان، راست.
يېرىم ئۇخلاق ياۋروپاغا
يىپەك يېپىندۇرغان، راست.
ھومىرنىڭ كۆيلىرى ئەمەس ناتونۇش،
ئەپلاتوننى ئىلىپ كەلگەن ئۇ.
سورۇنلارغا ياقا تۇتتۇرۇپ،
سۇنماس كۆۋرۈك سېلىپ كەلگەن ئۇ.
ئاڭا ئارتقان ئۈمىد يۈكىنى،
يەنە ئەجداد قىلىپ ئىلتىجا.
دېڭىز ئاتلاپ دېڭىزغا چۆككەن،
بېلىقلارغا يەتكەندى ئاھ.
قالدى سۆڭەك، غېرىب قەبرىلەر،
بۇ ئالەمنىڭ نېرىقى چېتىدە.
بارسا كەلمەس يوللار، گۇناھى
ئاننى قاتتىق ئەمگەنلىكىدە.
ئايىغىدا چۆرگىلەر ئالەم،
رەنجىش - رەنجىتىش ئىچىدە دۇنيا.
زامانلار تەگكەن چىشىغا بەلكى،

«ئال شەھىرىڭنى! ...» دېگەندەك گويا.
قىسمەتلىرى شېرىكسىز تاكى،
دۇنيا پاتقان ئېغىر گۇناھقا،
شۇ ۋەجىدىن تۇۋا - ئىستىغپار
بولۇپ يەنە يۈيۈلۈپ تۇرار،
ئۇ ساقىتتۇر تەكرار ۋە تەكرار.
ئەي بابا تۆگە،
ساڭا تونۇش ھەممە - ھەممىسى.
دەيدىغۇ سېنى چۆل كېمىسى،
سەپىرىڭنىڭ بارمۇ پەللىسى.
سەن كۆمۈلگەن كىچىك ھەيكەلچاق،
قۇم تېگىدە پەريادلىرىڭ بار.
جۇپ ئۆركىشىڭ نومۇس كۇچۇڭمۇ؟
تاپىنىڭدا ئاق نىيەتلىرىڭ بار.
تىكىلىسەن يىراق ۋە ئۇنسىز،
غايىب ئاۋازلار ھەمراھىڭمىدۇ؟
قەدىمكى قاياس شەھىرى،
كىم بىلىدۇ بارگاھىڭمىدۇ.
قۇلىقىڭدا دەريا شاۋقۇنى،
ئارقا دەريا پاتقان ئۇيقۇغا.
يەنە تۇرۇپ سىلجىغۇڭ كەلمەس،
يارداڭلىققا، توقايغا
ھاياتبەخش شامالنى چىللاپ

هەم مەست بولۇپ ئۆنگەدىن كۆندە،
ياشاۋەرگىن ئاققان يولۇڭدا
سېنىڭمۇ بىر خۇدايىڭ بار-دە!

## 6

چۆل ياتىدۇ ھەسەتسىز،
مىڭ تاۋلىنىپ تاۋۇستەك.
مەستخۇشلىقى سوئالسىز، جاۋابسىز،
كۆرۈنەر ئەسىر لەھەڭ قۇيرۇقىدەك.
بۇ تارىم
ئىنسان تېرىسىنى تۇسلەتكەن،
بۇ يەر قۇرۇق قەلەمچىنى تا
سانجىپ قويسا كۆكلەتكەن!
ئابىھايات تامغان توغراقلارغا
مىڭ يىل ياشايدۇ تىك تۇرۇپ،
مىڭ يىل ياشايدۇ يانچە يېتىپ،
مىڭ يىل ياشايدۇ قىغى، تۆرىلىپ. . .
توغراق، توغراق يېشىل روھىمكىن،
لەيلەشلىرى كۆركەم ھەم نازۇك،
ئۇ تۆلىدى قانچىلىك بەدەل،
يېشەلمەيدۇ خىيال ھېچ تۈزۈك.
قانچە بىرى يەر بېغىرلىغان،

تەسەۋۋۇر قىلغاندەك تۇغۇلۇشىنى؛
ئانا دەرەخنىڭ تولغىقى ئاچچىق،
كۆرۈپ ئالىقىنىدا جانىنىڭ ئۈينىشىنى،
ھەر ھاسىراشنىڭ تىكەنلىرىدە،
بوز - بوز تەرلەر بولىدۇ ئېرەن.
چەكچەيگەن كۆزىنىڭ چاناقلىرىدا
توختاپ - توختاپ قالىدۇ سۈرەن. . .
تەقدىر كېمىسىدە گىياھ ھەم ئىنسان،
تاللىنىش ئىچىدە تۇرىدۇ ھامان.
قىسمەت ۋەھىمىسى: زامان ئادىمى،
ئەقىل بالاغىتى بىر تەلۋىسىمان.
يوپۇرماقلارغا نە كېرەك كانار،
تۇرسۇن ئېگىزلىك، كەڭلىكتە.
ساددا بىر ھايات تاكامۇل،
جېنى تىرىلمەيدۇ تۈگۈلۈكتە.
سېخىينىڭ قولىدىن چىققىنى،
ماي يىغىپ قويىدۇ بۆرەككە.
ئۇنىڭغا ئاش تارتساڭ لىگەن ئال،
بىراق ھېچ زورلىما كومزەككە.
بۇ يەردە تۇرۇلۇپ قالمىسۇن،
گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ قاپاق - قاشلىرى.
قوينىدىن تۆكۈلۈپ تۇرار دۇردانە،
ئەمەس خۇنۇكلۇكنىڭ داشقاللىرى.

ئافىنا قىزىنى ياراتقان گىرياك،
گۈلياندا جانان ياراتتى ئۇيغۇر.
قوم ئارا يەلكەن چىقارسا كېمە،
بايرون داڭقېتىپ قالاتتى بىر قۇر.
قىز - تارىمدىكى ئاققۇسىمان،
جەننەت - تەڭرى ئۆزىگە قالدۇرغان.
پەرىشتىلەر - يۇلغۇندىن كۆكلەر،
قاناتلىنىپ كېتىشكەن ھەر يان. . .
بابالار بىلىپتىكەن بىرنېمە،
قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە پاناھلىنىپ.
ئەمدىكى كۆز بىلەن قارىساق،
يۇرمەپتىكەن خاتا قىلىپ.
روھى رەھمەت قىلمايدۇ تەمە،
كەتتى تامام تۇپراققا ئايلىنىپ.
چاڭ زەررىسى باش ئۇستۇڭدە تاج،
كەبىتۇللاھ بىل، سەجدىگاھ قىلىپ،
ئىزدىشەر، ئىزدىگەن ئۆزىنىڭ ئىزى،
قوچقارغىمۇ شەرەپ مۇڭگۈزى.
مۇنارىنىڭ تۇۋى يوق ئاسماندا،
ئۇچى ئۇچ، تۇۋىدە يىلتىزى.
بويۇن ئاسقۇمۇ كۆرۈنگىنىلا،
مەنزىلمۇ يەتسەم دەپ تەلپۈنگىنىلا،
چۆل مىجەزى جىمجىت دەريادەك،

بىلىسەن شىر بولۇپ تۆرەلگەندىلا.
مېۋىسى ئالتۇن، ياپرىقى كۈمۈش
جىگدە دەرىخى گۈپۈلدىسە،
«يەتتە قىزلىرىم» تۇرىدۇ هايات،
ياندۇرغان مەشئىلىنى تەۋرەتمىسە.
قۇرمىش ئاتا، تۆلەمىش ئاتا،
پالۋان ئاتا – بىر ئاق كېمە مالىخاي.
ئۇرۇلدى قايسىبىر قىياغا،
مۇمكىنمۇ جىيەكتە ئىستەك بولۇنماي؟!
چۆچۈيدۇ تەسۋىر ئىبارىسىدىن،
ئۇنداق قىلسا گۇناھ بولىدۇ.
ئوغلانلارغا بۆرە ئوشۇقى تۇمار،
داۋان داۋىسا ھەمراھ بولىدۇ.

7

ئايدىڭدا بارخان - بارخان قۇم،
كۆرۈنىدۇ بەك غۇۋا، سوغۇق.
غارلاردا پەقەت مۇز بىلەن شامال،
ئاھاڭلار تىنىق، ئىلاهىي، تولۇق:
ئالتۇن قوڭغۇراقنى ئەسلىتىپ،
چىرىسلىغان ئارچىنى ئەسلىتىپ،
مەرۋايىت نۇرىنى ئەسلىتىپ،

www.uyghurkitap.com

هاۋا رەڭ بوياقنى ئەسلىتىپ ،
تارسىزلىقى مۆجىزىدەك ،
قارارسىزلىقى مۆجىزىدەك ،
تۇردۇ ئۇ سۇغا ئايلىنىپ ،
تۇردۇ ئۇ يىلتىزغا ئايلىنىپ ،
ئۇ نىيەت ،
ئۇ تۇزۇماس رىۋايەت .



# ۋىسال پەيتى

پاشاگۈل ئىسمايىل

ھىجرانغا چىدىماي يىقىلساڭ، مەڭگۈ-
ئالدىراپ كۆز يۇمما، كۈتۈپ تۇر مېنى!
قەلبىمدە ئالەمچە ئاتەشلىك سۆيگۈ،
تاشلىناي يۈرەككە، يېقىپ يۈرەكنى.

ئېرىسۇن مۇزلىغان يۈرىكىڭ قايتا،
كۆز ئاچقىن ھاياتقا سۆيگۈم تەپتىدە.
ئۇرۇن يوق ئەزەلدىن قايغۇ، ماماتقا،
تىرىلگەي ھەر كىشى ۋىسال پەيتىدە.

www.uyghurkitap.com

## ئىككى شېئىر

### پەرھات تۇرسۇن

### — ناسترا داماسقا

بىر دەھشەت ئەكەلدى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز،
شۇم خەۋەر مۇنچىدا يۈرەر يالىڭاچ.
ئاھ، نۇرلۇق قۇيرۇقى ئەجەب گۈزەل، ئۈز،
چۈنكى ئۇ ئېچىرقاپ كەتكەن بەكمۇ ئاچ.

يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە مېنىڭ روھىمغا،
ئەجەلنىڭ ئۈنىدە ئۈنلەپ كۆچمەكتە قوم.
مەنمۇ ھەربىر گەۋدە بولۇپ ئۈنىڭغا،
يىراقلاپ كېتىمەن بۇ يەردىن چوقۇم.

غايەت زور كېمىدە تەنھا قولۇمنى،
بىلمەيمەن كۆتۈرۈپ كۈتكىنىم نېمە.
ئۆلۈمنىڭ قولىدا كۆرۈنگەن يولۇم،
بىلمەيمەن قەيەردىن يۈرگەن قەيەرگە.

ئاخىرقى موخوركام كۆيدۈردى لەۋنى،
ئۆلۈمدەك قاپقارا چىقتى تىنىقىم.

ئازابلىق كۆيۈگگە چالما پىرجەڭگى،
مۇنكىرلار ئازابى يوتتى كۆي ئارا
ئۆرتىنەر ئۆلۈكلەر لېكىن بىتىنىم.

## يالىڭاچلىنىش

سىمۋوللۇق مەنىسى يېتىپ دېڭىزنىڭ،
ئاقماقتا زۇلمەتنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا.
مەندىن قوتۇلدى، بىر سەزگۈ ـ سۆيۈش ـ
سىڭىشىپ دېڭىزنىڭ شاۋقۇنلىرىغا.
تېنىمدىن ئاقماقتا تېنىگە يارنىڭ،
يوقۇملۇق كېسەلنىڭ مىكروبلىرىدەك.
سىڭمەكتە يارغا ھەم ياردىن دېڭىزغا،
مەۋجۇدات مەۋھۇمات بارچە كېسەلدەك.
قوتۇلۇپ شائىرنىڭ نېرۋا توردىن،
نازلىنىپ يالىڭاچ ياتقان ئايالدەك.
سۈرمەكتە پەيزىنى يالىڭاچلىقنىڭ،
سىمۋوللۇق مەنىسى يىتكەن دېڭىزنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتەكچى
www.uyghurkitap.com



پەرهات ئىلياس

## شائىر ۋە كېچە

كۈندۈزى
شائىر ئوخشار مويسىپىت چالغا،
لېكىن تۈن - كېچە
ئايلىنىدۇ گۆدەك بالىغا.

كۈندۈزى ئۇ
بەڭگىلەرچە سەرەڭگىدۇر بەس،
لېكىن تۈن - كېچە
ئايلىنىدۇ ئۇ يانار تاغقا.

كۈندۈزى
هېچنېمىسى يوقتۇر شائىرنىڭ،
لېكىن تۈن - كېچە
جىمى ئالەم قالار ئۇنىڭغا.

كۈندۈزى
سەرسان يۈرگەن خازاندۇر شائىر،
لېكىن تۈن - كېچە
ئايلىنىدۇ ئۇ بىر تەڭرىگە.

## ئۆتەڭ

يولدا قالغان يولۇچىلارنىڭ
غەمگۇزارى ئۇ،
بىراق ھېچكىمنىڭ ۋەتىنى ئەمەس.

كېلىدۇ. . .
كېتىدۇ. . .
ھېچكىم ئاڭا بىرەر گۇل تىكمەس.

ھەممە ئادەم ئۇخلايدۇ ئۇندا
قىزىق - قىزىق چۈشلەرنى كۆرۈپ،
لېكىن ئۇنى ھېچكىم چۈشىمەس.

قەدىمكى بىر كارۋاننىڭ
چۈشۈپ قالغان كولدۇرمىسى ئۇ. .

## چوغ سورىغان بالا

قاق سەھەردە
لاخشىگىرنى كۆتۈرگەنچە بىر بالا
چوغ سوراپ كەلدى ئۇيپۇقتىن.
كۆللىرنى چۇخچىلاپ
ئېلىپ بەردى قۇياشنى.

چوغ ئۈستىگە تۆكتى ئانىسى
دەريالارنى،
چوققىلارنى،
ئېدىرلارنى
پارچىلاپ.

قىزىدى تونۇر،
ياقتى بۆلۈتلارنى،
پىشتى قىزىرىپ. . .
چوغ كۆمۈشنى بىلمەمدىكىن ئانىسى؟
بۈگۈن يەنە قاق سەھەردە
چوغ سورىغىلى كەپتۇ شۇ بالا.
قولتۇقىدا لاخشىگىر،
مۇزلىغان قوللىرىنى هورداپ قويۇپ
ئىشىكىنى چېكەر ئۈپۈقنىڭ.
كۆزلىرىنى ئاچالماس تەگرى،
ئەگىپ - ئەگىپ كەتمەيدۇ بالا.

## رەھىمسىز ئېتىقاد

كۆلچەكتىكى توختام سۇ ئىدىڭ،
بۇزۇۋەتتىم قىرغاقلىرىڭنى،
چاڭقىغان يىلتىزلارغا كەتتىڭ سىڭىشىپ.

ئىچىلمىغان پورەك ئىدىڭسەن،
بۈزدۈم ئارامىڭنى تاڭغىچە سايراپ،
ئىچىلدىڭ خۇش پۇراق بەرگىلەر يېيىپ.
تۇخۇم ئىچىدىكى چۈجە ئىدىڭسەن،
بەڭۋاشلىقىم چاقتى پوستۇڭنى،
ھە، ئەمدىچۇ
ئۇچۇپ يۈرسەن قاناتلار قېقىپ.
تېخى كۆز ئاچمىغان بۇلاق ئىدىڭسەن،
ئىچ ئاغرىتماي چاپتىم سېنى مەن،
بۈگۈن مانا ئۇنتۇپ ئازابنى
ئېقىپ يۈرسەن ئۇنچىلەر چېچىپ.

## تەڭرى سايىسى

ئۇ تېخى يېڭىلا ماڭدى تە-تەلەپ،
ئەمما، ئۆزىچە
ياساشنى ئويلايدۇ يوللارنى قايتا.

تىل چىقتى ئۇنىڭغا ئەمدىلا تېخى،
شۇندىمۇ
سۆزلەشنى ئويلايدۇ يېڭى بىر تىلدا.

بۆشۈكتە ياتىدۇ،
بوۋاق ئۇ تېخى،
لېكىن
تۇغۇشنى ئويلايدۇ دۇنيانى قايتا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## پولات ھېۋزۇللا

### بۇ يەردە

بۇ يەردە
چۈمبەلگە ئورىلىپ كېلەر مۇھەببەت
بۇ يەردە
ئەخلاققا ئورىلىپ ياشايدۇ ھەممە
ھەتتا رەزىللىك.

### ئىككىنچى خىل شېئىر

ئويناپتىمەن ھەرپنى ئويۇنچۇق قىلىپ
تاشلاندىم بىردىن
تىل - مەنە مۇمكىنلىكىنىڭ جاڭگاللىقىغا.
ئويناپتىمەن
تەسەۋۋۇرنى ئويۇنچۇق قىلىپ
تاشلاندىم بىردىن
بىمەنىلىكنىڭ ئورمانلىقىغا.
كىچىككىنە بوغۇزۇمدىن چىقاتتى ئاۋاز
ئەمدى
ئاۋاز جاڭگىلىدىكى ئويۇنچۇق ئۆزۈم

نەلەرگە باشلايسەن،
تاشلايسەن مېنى
بىلمىدىم شېئىرىم دۇنياسى!

## رەشكسىز ئادەم

يۈرىكىم
كۆكرىكىمنىڭ زۇلمىتىگە مۆكۈنگەن
ئازابلارنى ئۇنتۇپ كېتەي
شېرىن - شېرىن سەزگۈلەرگە تايىنىپ.
كەل، قىز، قۇچاقلاي
چۆكۈپ كېتەي تېنىڭگە
تەۋە ئەمەس ھېچنېمەڭ ماڭا
بىزگە ئاشۇ چۆكۈشتىن باشقا.
دۇنيا - دۇنيا سېنىڭمۇ
تەۋە ئەمەس ماڭا ھېچنېمەڭ
ئۆزۈمدىن باشقا .
ياشىسامۇ گەرچە رەشكسىز
ئازابلىرىم كۆپتۇر نېمىشقا
ئەي نىگارلىرىم
تەۋە ئەمەس ماڭا ھېچنېمەڭ
مەن سىلەرگە يەتكۈچە ئەركىنلىك بېرەي.
دۇنيا - دۇنيا
تەۋە ئەمەس ماڭا ھېچنېمەڭ
قەلبىمدىن باشقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قىزلىق قەلب

قىزچاق
سەن ئوقۇيسەن قەلبىڭنى گويا
قەلبىڭنىڭ
ئاخىرى يېزىلمىغان بابلىرى تولا
بەلكىم سەندە
يوق جاۋابى تېپىشماقلارنىڭ
ئارخىپىسەن
قەلبىڭدە
نۇرغۇن يىپ ئۇچى ساقلاقلىق .

## يېگانە دەرەخ

يېنىڭدا تۇرغىنى يېگانە دەرەخ
يۆلەنگىن
ئۆگىنەلمەس ئۇ
يۆلىنىشنى لېكىن .
مۇساپە ئۇنىڭغا يات بىر چۈشەنچە
قوغلىماس ئۇ سېنى
بەخت ئۆزۈڭ كەلگىن
بوراندىن قاچقىنىڭ قاچقان ، ئۇ لېكىن
قاچمايدۇ، مەغرۇر ئۇ شۇنچىلىك تەمكىن
ياشاركەن ھەرنەرسە ئۆزى بىلگەنچە

يېنىغا كەلسەڭ مەيلى
كېتىشتە بىللە كېتەيلى دەپ قولىنى
تارتىمىغىن .

## مەن

ئاۋارىمەن
بوغۇزلاپ ئۆزۈمنى
ۋاقىتنىڭ پىچاقلىرىدا.
ئادەملەر
سوتلاپ يۈرەر،
ماختاپ يەنە جەسەتلىرىمنى. . .

## دانكو

يۈرىكىمنى قولۇمغا ئالاي!
رۇخسەت قىلغىن ئەي تەڭرى!
دەپنە قىلغان قاچان سەن ئۇنى
كۆكرىكىمنىڭ مازارلىقىغا؟ !
يۈرىكىمنى قولۇمغا ئالاي
قىلمىسۇن ئۇ شۈكۈر - قانائەت
كىچىككىنە يوچۇقىغا كۆزلىرىمنىڭ!
يۈرىكىمنى قولۇمغا ئالاي
كۆرسۇن ئۇنى ھەممە ئادەملەر
سەبىيلىكىمدەك يالىڭاچ پېتى!

## قۇشۇم

تېنىمدىن ئۇچۇپ كەتكەن شۇ قۇشلار
شېرىن خائىن ئىدى ئۆزۈمنىڭ.
مەن بىر رامكا پېتى ياشايمەن،
داۋامىمەن مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ.
تېنىمدىن ئۇچۇپ كەتكەن شۇ قۇشلار
يوچۇق بىر ئەركىنلىك تەۋەدۇر ساڭا.
مەن ئۇچۇن يەنىلا تېنىم ئەڭ تونۇش،
قۇشلىرىم تەقدىرىڭ غۇۋادۇر غۇۋا.
ۋاز كېچىش ھەسرەتلىرى مەندە كۆرۈلمەس-
غازاڭلار مەندىن ھېسسىز تۆكۈلگىنىدەك.

## بىر شېئىرغا مۇھەببەت

مۇشۇ دەم، جىمجىتلىق كۈيلەيمەن سېنى،
كۈيلەيمەن قەغىزىم، سىياھلىرىمنى.
ئەي شېئىرىم
بەلكىم تۇغۇلۇشۇڭ بولمايتتى نېسىپ
سۈرمىگەن بولسام بۇ خىياللىرىمنى.
مەن شائىر ۋە لېكىن شائىر بولمىغان
سەن ئەمدى ياراتتىڭ شائىرلىقىمنى!

# قۇش

ئېگىز شاختا تۇرۇشلىرىم
چارچاتتى مېنى
پەرۋازىمنىڭ بۆشۈكىدە
چىقتى ھاردۇقۇم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## تاھىر ھامۇت

### ياز بىر سۈيىقەست

1

مەن تەرگە چۆمۈلۈپ تۇرۇپ ئاننى سېكستوننى ئوقۇۋاتىمەن،
ئاسماندىن لەيلەپ چۈشكەن تۇزانلار ھاۋانى قوغلاپ،
سانسىز شەھەر قۇشلىرىغا ئايلىنىپ، ۋوگزالغا قاراپ ئۇچىدۇ.
شامال
تۆكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ،
ھەر تەرەپكە مىكروبلارنى تارقىتىدۇ.
لېكىن سەن
ھەقىقىي ياشاپ باقمىغان،
سەن ئاق تۇمشۇق قاغا ئەمەس،
سەن قىزىل رەڭلىك چىملىقمۇ ئەمەس.
مەن بىۋاستە سەزگۈمگە ئىشەنمەيمەن،
خۇددى تونۇگۈن مىترودا ھېلىقى قېرى خوتۇن ئېيتقاندەك:
– ئالدامچى
ئىككىمىزنىڭ بىردىنبىر ئورتاقلىقى – ۋەھىمە،
بىز دائىم بىرلىكتە ئۇنىڭ چويۇندەك ئاۋازىنى ئاڭلايمىز،
ئۇ خۇددى چايغا ئوخشاش يىلىكلەرگە سىڭىپ كىرىپ
ئاندىن مەھكەم ئۇيۇپ كېتىدۇ.

مەن تاغنىڭ مىدىرلىشىنى كۆرۈۋاتىمەن،
ماۋزۇ ئىجاد قىلىشنىڭ زۇرۇرلۇكىنى سېزىۋاتىمەن،
دېڭىزنىڭ قارلىغاچ ئۇۋىسىدىكى پەرۋازىغا قاراۋاتىمەن.
سەن مېنى رېئاللىققا سۆرەپ كېلىدىغان قورقۇنچلۇق كۈچ،
ماشىنا دەسسىۋەتكەن قونچاق،
چىنلىقتا پوققا ۋە سەنئەتكە ئوخشايسەن.

2

ياز پەسلى، ئۇ بىر سۈيىقەست
ئىلاستىكلىق ئەسلىملەردە ئاقساپ كېتىۋاتقان
دادامنىڭ ئۆيدىن قوغلانغان چاغدىكى قايتار ماكانى،
لاي كارىۋات.

تۆنۈگۈن يامغۇر ياغدى، سەن بىلمەيسەن،
ئۇنىڭ بىچارە ئاۋازى ھېلىغىچە دەرەخ غوللىرى ئىچىدە ياڭرىماقتا،
مەن ئۆزۈمنى بارلىق قۇرت - قوڭغۇزلارغا چېچىشىم كېرەك:
گۇمان بىردىن يوقالغاندا
پەقەت شولارلا
پەقەت شولارلا ماڭا ئۆزۈمنى گۇمران قىلىدىغان كۈچ بېرەلەيدۇ.
قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئالدىدا پارچە
سېتىلغان نەشە ئېنىق ئېسىمدە،
ئۇ مېنىڭ ئەرزىمەس باللىقىم.

سېتىلىدىغان نەشە ئېنىق ئېسىمدە ،
ئۇ مېنىڭ ئەرزىمەس بالىلىقىم .
بۈگۈن مەن بىر قولنى
پويىز دېرىزىسىدىن سۇنۇلغان بىر قولنى ئەسلەپ قالدىم ،
ئۇنى مەھكەم ئەستە تۇتۇش ئۈچۈن مەن غايەت زور بەدەل تۆلىدىم .
چۈنكى ئۇ
سېسىپ كېتىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەنىدى .
ئەتراپىمدىكى ھەقىقىي بوشلۇق ئۆلۈم شادلىقىنى ئېلىپ كېلىدۇ .
بوغۇزۇمغا ئاستا كىرىپ ، ئاشقازانىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئاقىدۇ .

3

مەن جىنسىي ئاجىزلارنىڭ ساپما كەشكە بولغان
ئۆچمەنلىكىنى ئۆگەنگەن .
ئون تۆت يېشىمدا
چىش ئاغرىقى تۇپەيلىدىن ئۇرغان بىر تال پروكايىن
ئوكۇلىنىڭ تەسىرى تېخى پۈتۈنلەي تۈگىگىنى يوق ،
ئۈمىدسىز بىر چۈشتىن كېيىنده ، لېكىن
مەن قايتالايمەن ، سېنىڭ يېنىڭغا قايتىپ بارالايمەن !
دۆڭكۆۋرۈكتىكى سېسىق سۇ ئازگىلىدىن باشقا
مەن يەنە نېمىدىن ئۈمىد كۈتەلەيمەن ؟
مەن لاينىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن .

مەنمۇ ھەقىقىي ياشاپ باققان ئەمەس ،
چىراغ ئۆچكەن چاغدىكى سوغۇق قاراڭغۇلۇق،
ئوغرىلىقچە ئاناننىڭ
پىيەنچۈككە ئايلانغان بىر مىللەت
ماڭا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ.
ئەسقەر ماڭا قاراپ :
«يارايسەن كاساپەت» دەپ ۋارقىرايدۇ .
ۋەھالەنكى،
مەن شەكىل ياراتمىدىم .
ئۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوزىرىم.
مەن ئوقۇۋاتىمەن ، تەرگە چۆمۈلۈپ ئوقۇۋاتىمەن ،
ئەرۋاھلارنىڭ ئوبرازى سۇزۇك تېرە رەڭگىنى چەككىلەپ چىقىدۇ ،
ئۇ كۆزۈمگە تاشلانغان بۈيۈك نۇر قايتۇرغۇچ .

## ئورتاق جىنايەت

ياڭاق دەرىخى ئاستىدا
ئانا سېغىزخان قاناتلىرىنى رەتلەيدۇ .
مەن چىملىقتا مېڭىپ يۈرىمەن
مىسنىڭ داتلىشىپ كېتىشىنى باشتىن كەچۈرگەچ
سەرگەردانىنىڭ ئىنتىقامىنى تاپماقچى بولىمەن.
گەرچە
بىز تېخى ناھايىتى ياش، ساق - سالامەت بولساقمۇ،
ئەمما

ئەھدىمىزدە چىڭ تۇرۇپ،
خۇددى بىر دولقۇنغا ئوخشاش چېكىنىشنى -
دەرەخنىڭ ئازابلىق بالىياتقۇسىغا
ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىي ماكانىغا چېكىنىشنى ئارزۇ قىلىمىز.
قوۋزاقلار پۈتۈنلەي توكۇلىدۇ -
ياڭاق دەرىخى ئۆچەككە كىرمەكچى،
بىراق سېغىنزخانىنى چۆچۈتمەكچى ئەمەس.
مەن ئەسلى ئورنۇمغا قايتىمەن
نۇردىن ھاسىل بولغان شىلەپەمنى قولۇمغا ئالىمەن.
سەرسانلىق -
ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنى ئاشكارىلاش دېمەكتۇر.
مەن ئەسلى ئورنۇمغا قايتىمەن.
جىنايەتكار بالىلار پىنھان جايلارغا تاش ئاتىدۇ،
غەم - ئەندىشىسىز ھۇجۇم قىلىدۇ!
مەن بىر تال يۇمران ياپراقنى ئالقىنىمدا ئېزىپ
مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان سۆيۈقلۇق ياسايمەن.
بىر تال قارا سىزىق يەڭگىل چاقچاقتا ئايلىنىدۇ،
مەن ئۆزۈمنىڭ مول خىياللىرىم بىلەن
سېغىنزخانىنىڭ قاناتلىرىنى يۇيىمەن.
ئىنتىقام:
بىر دەقىقە چىداش دېمەكتۇر.
بىز تېخى ناھايىتى ياش
ئۆزىمىز ئويلىغاندىنمۇ ياش.

# روھ كۆلەڭگىسى

## تەلئەت قادىرى

بۇلۇتلار سۇندۇرار قۇياش نۇرىنى،
ۋە لېكىن يانىدۇ ئەبەدىي تاڭلار.
ياشىدۇق بىز شۇنداق زىتلىق قوينىدا،
بالقىتىپ كاللىدا چېقىنلىق ئاڭلار.

چۆچۈيدۇ تېڭىرقاپ ھەتتا ئىلاھمۇ،
قالغاندا ئوخشىماي بىر كۈن ئۆزۈمگە.
نېمىلا دېمەڭلار ماڭا بەرىبىر،
چۈنكى مەن روھىمغا يار بىر كۆلەڭگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆلۈپ كەتتى گۈللەر بورەكلەپ

تۇراخان توختى

## قوغلىشىش

سۆيگۈ
ئىنتىلمىدىمۇ ساڭا
چۈشۈم پەسلىدە
غىل - پال كۆرگەنمەن سېنى
سەن
يېنىمدىن سۇركەلگەنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەن،
بەخت تونۇشلۇق بەرمەيسەن ماڭا
ئىنتىلگەنسېرى
يىتتۈرگىنىم شۇنچە كۆپ بولدى
ئېرىشمەككە ھەققىم يوقمىدۇ،
يىتتۈرگەنلىرىم
ئىنتىلىشتىن مېنى ئايرىدى.

## ئاشۇ پەيت

گۈزەل كېچە گۈزەل ئۆچرىشىش
توقۇغانتۇق بىر رومانتىكا
سېنىڭ قوينۇڭ لىرىك كۈي - شېئىر
بېرىلگەنتىم چۆكۈپ مەن ئاڭا.

مەن قورقمەن خاتىمىسىدىن
بىز ياراتقان گۈزەل چۆچەكنىڭ
پەرۋا قىلىپ قويماسكەن دۇنيا
تىلىكىگە قوشماق يۈرەكنىڭ.

ياشىساقكەن بىللە مەڭگۈگە
مۇمكىن ئەمەس،
بىللە كۆرگەن شېرىن چۈش
ئاشۇ دەقىقە
هامان بولماس ئۆزۈن مۇساپە.

## چۈش پەرىشتىسى

سۆيىمەن، بۇ سۆيگۈم سەمىمىي، سەبىي
چۈشۈمدە پاياندار سالىمەن ساڭا
چۈشۈمگە چاقىرىپ ئەكېلىش ئۈچۈن
ئويلايمەن مىڭ قېتىم سېنى دىلرەبا
چۆكسەممۇ سۆيگۈنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا
چۈشۈمدە كۆرەلمەي سېنى يىغلايمەن.
هىجراندا بەك ئۇزاق ياشىساقمۇ بىز
بىر ئۆمۈر مەن پەقەت سەنچۈن ياشايمەن.

## كۆز يامغۇرى

نەدىن چۈشتۈڭ؟
ئەرشتىنمۇ؟

يېتىپ كەلدىڭ
بىر يۇكسەكلىك
چەكسىزلىكلەردىن
كىم سېنى ئۇ ئۇستۇمگە چاچقان
قۇت ياغدىغۇ مەرۋايىتسىمان
قۇياش گويا پارچىلانغاندەك
زېمىن، ھاۋا ھېچقاچان
بۇنداق خۇشبۇي ھىد تارقاتمىغان.
شىرىق - شىرىق كۇلكىلىرىڭدە
يۇمشاقىنە سۆيۈشلىرىڭدە
كۇلۇپ كەتتى گۇللەر پورەكلەپ
جىلۋىسىنى تاپتى مايسىلار
غۇلىچىنى يايدى دەرەخلەر
سۆيۈشۈڭگە قاناستىن ئەنە
ئۇچۇپ يۇرەر بىر توپ قارلىغاچ
ئادەملەر
سۆيۈشۈڭدىن، تىنىقلىرىڭدىن
نەپەسلىنىپ يايرىدى جېنى
يېڭىلىدىڭ ھەممە نېمىنى
ئايلاندى دۇنيا
يۇمران بوۋاققا.

# ئىككى شېئىر

## تۇرا ئوبۇل

### يوقىتىش

تىترىمەكتە قەدەم تىۋىشى،
كەلمەكتىمەن سۈكۈت ئىچىدە.
كىرىپ كەتتىم ئوق يىلان بولۇپ،
ئەڭ ئاخىرقى مەۋھۇم كېچىگە.
نۇر دەستىسى سۇنغان سەھەرنىڭ،
پاسىلىدا تۇرىمەن قاراپ.
كۆرۈنمەيدۇ مېنى كۈتكەنلەر،
تىنىقىمدا چەكسىز ئىزتىراپ.
يارىلاندى نومۇسچان روھىم،
يۈكسەكلىكتە قۇترىماس شۇ تاپ.
بىر مەن ئۈچۈن ئەقلىدىن ئېزىپ،
ئەگىپ يۈرەر تۈمەنمىڭ قانات.

### قايتىش

چاقىرماقتا گۈگۈم ئىسمىمنى،
مەن نۇرلارنى يىتتۈرگەن سەھەر.

شۇرمەللەنگەن قەدەم تىۋىشى،
ئۆكسىمەكتە زېمىن ئۈستىدە.
قۇياش بولۇپ پاتقانغا قەدەر،
تونۇمايدۇ ئادەملىكىمنى.
خىيالىمدا سويلانغان خۇدا،
كۆتمەكتىمەن ئۆزۈمنى يەنە
قارىمايمەن ۋاقىتقا ئەمما.

www.uyghurkitap.com

# قۇشلار كۈيى

## تۇرسۇننىياز توختى

يوپۇرماق تومۇرلىرىدا،
كرىستالدەك سۇپسۇزۇك سەھەر.
تۇمانلارغا
گىرەلەشكەن ئۇيقۇچان قۇشلار
شېئىرىدۇر سۇزۇك شەپەقنىڭ.
قۇشلار، قۇشلار،
سۆيۈملۈك قۇشلار!
قۇشلار،
ئاخشام كىرگەنىدىم چۈشۈڭلارغا مەن.
چۈنكى مەنمۇ قۇشمەن سىلەردەك،
قانىتىم بار سىلەرنىڭكىدەك .
ئۇچقۇم كېلەر
زىمىستانسىز
تۈنسىز قىتئەلەرگە؛
ئۇچقۇم كېلەر
ھەممىڭلارنىڭ چۈشىگە قەدەر.
تىڭشىغۇم بار ۋۇجۇدۇڭلاردىكى
قانات تىۋىشلىرىنى.
تىلىگۇم بار سىلەردىن

خۇددى نۇردەك ئۇنسىز بىر ناخشا،
ئېيتىڭلارچۇ قۇشلار تارتىنماي.
مەنمۇ بىر كۈن سۆزلەپ بېرىمەن،
دەرد دېگەن ئۇ مەندىمۇ تالاي. . .
قۇشلار، قۇشلار!
چۈشۈڭلاردا مەن
تونەپ قالغان يۇلتۇزلار توپى.
ھىلال بولۇپ كۆكلەپ قالىمەن
تەكلىماكان زەررىچىسىدەك
چۈشۈڭلاردىن ساقىغان كۈنى.

قۇشلار،
سۆيۈملۈك قۇشلار!
مەنمۇ گويا سىلەردەك بىر قۇش. . .

## تۇرسۇنجان ھاشىمى

شارقىرايدۇ كۆيلەر دەرياسى. . .
يىلان تۇسىدە.
لۆمشۈپ كېلەر ئۇيغۇر سەنىمى،
جانلار تىترەر.
گاھ شادىيانە
گاھ غېرىبانە
ئەجەم سۇنغان خەنجەر ئۇستىدە.
يەر شارىنىڭ يىراق چېتىدە،
بوقۇلدايدۇ تەمبۇر نالىسى.
قىتئەلەرگە قولىنى سىلكىپ،
يۈرىكىنى ئالىقانغا ئېلىپ
مۇقام تۇۋلار ئۇيغۇر بالىسى.
ھەر سەھەردە،
ئامانىنىسا دۇئا قىلارمىش،
قۇياش كۆتۈرۈلگەن ئۇپۇق لېۋىدە
چۆرگىلەرمىش يەر شارى بىردىن
نۇرغا چۆمگەن مۇقام ئەۋجىدە. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇرغۇن تۇرسۇن

## رەقەم ۋە شېئىر

ھوسۇل بەرگەچ ئەرەب رەقىمى
دىرېكتورنىڭ يوقالدى غېمى.

بىر شائىر
شېئىر يازدى كومپيۇتېردا،
رەقەم بۆسۈپ كىردى شېئىرغا،
شېئىرغا ئايلاندى ماتېماتىكا.

ھەممىسى رەقەم، ھەممىسى شېئىر-
قىزلار، قۇشلار، گۈللەر، پىۋلار،
كۆزلەر، قوللار، يوللار، مىسرالار.

ھەممىسى رەقەم، ھەممىسى شېئىر-
سېنىڭ كۆزۈڭدىن تۆكۈلۈۋاتقان
كومپيۇتېردا سىزىلىۋاتقان
ناتونۇش بىر يېڭى ئەسىرنىڭ
شېئىر كەبى لىرىك سۈرىتى.

ھەممىسى رەقەم، ھەممىسى شېئىر –
نوبېلنىڭ نەزىرىدىن ئۆتەلمىگەن،
بۈگۈن دۇنياغا پادىشاھ بولۇپ
كومپيۇتېرغا لىق تولۇپ كەتكەن.

مەۋجۇت ئەمەس دۇنيادا
رەقەم ۋە شېئىردىن باشقا ھېچنېمە.
ماتېماتىكىمۇ شېئىردۇر ئەسلى
رەقەم بىلەن يېزىلغان.

رەقەم ۋە شېئىر تۇتاشقان جايدىن
يېتىپ كەلدى يېڭى ئەسىر
جىق گېپىم بار رەھىمدىل قىزچاق،
ئېغىزىڭنى ئاچقان ھالەتتە
باسقىن مېنى باغرىڭغا ئۇزاق.
شائىر بولۇپ يىغلاپ يۈرگۈچە،
چىن شېئىرغا ئايلىنىپ تۇندە،
شۇڭغۇپ كىرىپ يۈرىكىڭگە،
راست قۇياشنى چىققۇم بار ياساپ.

بىر كۈنلەردە دات باسقان قولۇپ
ئېچىلىدۇ، سۆزلەيسەن قىزچاق
راست قۇياشنىڭ شېئىرلىقىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇھەببەت دەرسى

مۇھەببەت مەن ئۈچۈن يېپيېڭى دەرس،
مەن ئاڭا، ئۇ ماڭا ناتونۇش تېخى.
تىپتىنچ بىر كۆلدە ياتىمەن ئۇخلاپ،
قونغىنىم پەقەتلا شېرىن چۈش شېخى.

مۇھەببەت تىلىدا سۆزلىيەلمەيمەن،
بىلمەيمەن يېزىقى، تاۋۇشىنى ھەم.
بىلمەيمەن قاي كۆزدىن تۆكۈلىدۇ ئۇ،
ئۇ ماڭا بېغىشلار زادى قانداق تەم.

ئوقۇغۇم كەلمەكتە ئوتلۇق كۆزۈڭدىن،
شۇ يېڭى دەرسنى سۆيۈملۈك قىزچاق.
كەچ كۈرس ئاچقىن سەن پەقەت ماڭىلا،
قاتنىشاي پەقەت مەن، سەن بەرگىن ساۋاق.

## باغچىغا سىرتتىن قاراش

كىشىلەر باغچىغا كىرەر جۈپ بولۇپ،
مەنمۇ جۈپ بولسامچۇ مۇشۇ مىنۇتتا.
بىلەت يوق ئوخشايدۇ يالغۇز كىشىلىك،
قاراشقا مەجبۇرمەن پەقەت سىرتتا.

كېتىشنى ئويلايمەن تاتلىق چۈشلەرگە،
ۋە لېكىن بۇ باغچا قىلار مېنى رام.
ئۆتىمدا كۆيدۈرۈپ ، ئۆزى كۆيمىگەن
شۇ قىزلار ۋاقتىمنى قىلماقتا هارام.

كىشلەر ئىشىكتىن كىرەر جۈپ بولۇپ،
مەن بويۇن سوزىمەن بەختكە قاراپ.
بىرسىنىڭ يۈزىنى سىلىسا بىرسى،
مەن تەستەك ئىزىنى كېتىمەن سىلاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىر ئائىلىنىڭ تەزكىرىسى

## جاسارەت تاش

تارىخنىڭ ئاجايىپ زور بۆشۈكىدە،
تەۋرىنىپ چۈش كۆرىدۇ قەدىمىي كۆي.
تەگرىگە باش ئۇرىدۇ رىزقى تىلەپ،
چىرايى سولغۇن، ياۋاش بىر خۇداگوي.

قولىدا كىرلەشكەن بىر كونا قۇرئان،
بېشىدا سىرسىز پۇچۇق ساپال قاچا.
قارايدۇ دادىسىغا بالا مەيۇس،
ئۇ شۇنچە چېچەن، ئوماق، لېكىن گاچا. . .

ئالەمدىن ۋىدالاشتى بوۋاي ئاخىر
خۇداغا ئىبادەت قىلىپ ئۆزۈن زامان.
قېرىتتى تەقدىر چېچەن شۇ بالىنى،
ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم بەرمەي زۇۋان.

## ئۈچ شېئىر

### جېلىل خېلىل

## چۆل توغرىقى قىسسىسى

ھەر تەرەپكە چىقىپ كەتتىم ئۆزۈمدىن
شۇندىن بۇيان چۆل توغرىقى يوقالدى، يۈتتى. . .

سابا بىلەر مېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمنى
گۈللەر بىلەر تەنھا غەمكىن يىغلىغىنىمنى.
نۇر قوشىمەن، كېچىلىرى ئاققان بىر يەرگە
توپراق بىلەن قارا تەرگە چۆمۈلگىنىمنى.

سىردىشىمەن دەرەخلەرنىڭ، دالادا ئۆسكەن
ھەمراھىمەن كېپىكلەرنىڭ ئۈچىدىن ھوشيار.
ئۈچىدۇرمەن ھېچنەرسىنى ئۈۋلىيالمىغان
ئېزىتقۇمەن كۆمۈك چۆلدە مەغرۇر ئۇلۇغۋار.

تارت قولۇڭنى، پەرىشتە
ئەكەتمىگىن مېنى ئەرشكە.
تارت قولۇڭنى، ئەي ئادەم
سولاپ قويما مېنى ئۆزۈمگە. . .
قېنىپ - قېنىپ ئىچمۇالاي مەن

كۆزلىرىڭنى، ئى دىلبەر.
كېتمۇالاي ئېتىقادتىن يىراق بىر جايغا
مەبۇد ئىكەن مۇغەمبەر.
چۈشەركەنمەن دوزاخقا
يا رەقىبكە ئايلىناركەنمەن
بويسۇنمىسام مەن ئەگەر . .
مەن تۈلىدىم زېرىكىشنى، ھەسرەتنى
ئوردا قۇردۇم ھاۋالاردىن، روھلاردىن.
چېچىمۇەتتىم بالىلارغا ئىزىمنى
چىقىپ كېلەر ئەسلىم چاڭقاق قوملاردىن.
قالارسەن بىلىپ
قەپىسىدىن قېچىپ چىققان بىر قۇشمەن
بىراق يەنە
قەپىسىمنى سېغىنىمەن جېنىمدىن.

ئۆزۈم مۇدھىش ئۇۋادۇرمەن ئۆزۈمگە
قېرىنداشلار ئىزدەر مەندە ئۆزىنى.
قارا، مەندە ئۆگۈپ كەتتى ناخشىلار
قارا، مەندە يېرىلمىدى تۇپراقلار
ئەتتىم ئۆزۈم يىلتىزلارنىڭ كۆزىنى.

نېمىدەپ ئاتايسەن مېنى، ئەي كارۋان،
ئېتىمنى قايتىدىن قويامسەن، ئاسمان! . . .

رىۋايەتنىڭ بالىسىمۇ مەن؟
تاغ - دەريانىڭ دادىسىمۇ مەن؟
بار - يوقلۇقۇم سوئاللارنى باغرىغا باسقان.

بىلىپ قالغىن ئەي بىلەرمەن زات:
سابا ئېيتار مېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمنى -
تۇلپارىمەن چاقماقلارنىڭ بۇلۇتلاردا كىشنىگەن.
گۇللەر ئېيتار مېنىڭ قانداق يىغلىغىنىمنى -
ئاشىقىمەن گۇللىرىمنىڭ ئەمما پۇراپ كۆرمىگەن.
تۇپراق سىلەر نېچۇن تەرگە چۆمۈلگىنىمنى -
پىداكارمەن بەختىم ئۈچۈن ئۈنى باشتا كۆتۈرگەن.
ئۈمىد بىلەر مېنىڭ نەگە يوقالغىنىمنى -
نۇر قۇشىنىڭ توختىماستىن ئۆز باغرىغا ئاققانلىقىنى!...

ھەر تەرەپتىن قايتىپ كېلىپ ئۆزۈمگە
ئايلاندىم مەن چۆل توغراقلىرىغا.

### ئالۋۇن

**1**

چېقىلغان چۈشتى باشقا
ئۆزۈم سەرسان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆچمە قۇم تېنىم گويا ئۆزۈپ ماڭغان.
قاغجىراق تەبىئەتنىڭ قاقاس تىلى
ئۆينىتىپ مېنى يوقلۇق شىرنىسىدە
مەنىسىز ۋەھىيسىنى قىلار بايان.
چوغ بولۇپ يانغىنى راست ئاسماننىڭ
كۆل بولۇپ توزۇغىنى راست تۇپراقنىڭ
يانتاقلار قېنى ياكى قىزىل يۇلغۇن
كەتتىمۇ ئۇلار تاشلاپ باتىنىمنى
راستىمدۇ ياڭرىغىنى غەم سازىنىڭ؟!
كۆزلەرنى غەلەتلىگەن بالا جىنلار
يىلىكى بەلكى زېمىن سۆڭىكىنىڭ.
كەت، كېيىك، ئۇۋچىلىرىڭ غالجىر سېنىڭ
كۆچ، توغراق، كەتتى تاشلاپ قاغىلىرىڭ
نە قۇدرەت سېنى بۇندا ئېلىپ قالغان
قۇرۇشقا باشلىماقتا يىلتىزلىرىڭ!...

2

شامالغا ئايلانغاندۇر قۇتلۇق بېشىم
ئۆزۈمدىن يوقتۇر ئۆزگە چىن ھەمراھىم.
ئىچ سىرىم كېزىپ قايناق باياۋاننى
ياردار ھۇۋقۇش كەبى كۇيلەر دائىم.

ئەزەلدىن مېنى باغلاپ ماڭدى چاڭقاش

قېنىكىن جانغا تامغان ئوغۇز سۈتى؟
قېنىكىن ئىمانىمغا قىبلە ـ دىلبەر
قېنىكىن غاردىن چىققان بۆرە ئىزى؟
تىتىلغان ئوي ـ خىيالىم ، تەن پەرىشان
چۆرگىلەيمەن قۇملۇق ئارا دەردكە تولۇپ.
سالىدۇ ئەتراپىمدا روھلار قىقاس
ۋە ئۇرار بىردىن مېنى قويۇن بولۇپ.
ئاھ. . . كۆيگەن دېڭىز ئۆزۈك ـ تەكلىماكان
قايغۇدىن كۆكلەپ تۇردۇم يىقىلماستىن
كىشىلەر بىلمىسىمۇ كىملىكىمنى
مۇقامنىڭ لەرزى بىلەن پەلەكلەرگە
ئاھىمنى ئۆچمەس قىلىپ يېزىپ چىقتىم.
بارخانغا كۆمۈلگەندۇر كەچمىشلىرىم
سۇ ئىزىدۇر ئاتەش چۆلدە مەۋجۇتلۇقۇم
يۇلتۇزۇم، قۇندۇزۇم، ئەي ئۇمىد كەئبەم
ئەسىرلىك كۆيۈشتە قالدۇرۇپ مېنى
ئىز، نىشان ئەيلىبان كارۋانلىرىڭغا
باياۋان قەپىسى ئىچرە سولىدىڭ! . . .

3

يۇرىمەن ئەرۋاھى دەشتلەرنىڭ
يوقالغان بىرنەرسەم ئاللىبۇرۇنلا.

 رىزقىم قومدىمۇ، تاغدا يا باغدا
ئوتتىمۇ، سۇدىمۇ كۈن ياكى ئايدا
بېرەلمەس كارۋانلار بۇلارنى سوزلەپ
كېتىشكەن ئۇلارمۇ ئۆزاپ يىراقتا.
كەل مانى، كەل زەردۇشت،
كەل روسۇلىللا
مەن نە دەپ ئۆن ـ تىنسىز كۆيىمەن زادى؟!
چىقارغىن ئەسلىمنى ھېكمەتلىرىڭدىن
بۇ غەپلەت دەشتىدە ئازغاشتىم، تالدىم
نەدىدۇر يوللارنىڭ قوتۇپ يۇلتۇزى. . .
كەل كېيىك يايلىغىن كۆكسۇمدە ئەركىن
كەل توغراق چېچىمنىڭ ئورنىدا ئۆسكىن.
كەل يۇلغۇن روھىمغا بولغىن يار ـ يۆلەك
كەل يانتاق نەپرىتىم بولسۇن تىكىنىڭ.
كەل كارۋان يىپەك يول باردۇر تېنىمدە
سىلەرنى مەنزىلگە يەتكۈزەي ئېسەن.
كەل دىللار مۇقام قىپ چالاي سىلەرنى
بىلسۇن بۇ جاھان قانداقلىقىمنى
ياكى مەن باھادىر ياكى ئۆلەرمەن.
ياشىدىم ئەسىرلەپ يېرىلىپ چاك ـ چاك
كۆرۈنۈپ ھەر تۈرلۈك شەكىل مەندە.
ئەۋجىمدە پىرجەڭگى ئۆزمەي كەلدى كۈي
جان بېرىپ باياۋان يىلتىزلىرىغا! . . .

## ئاقار قۇم

قۇملارنى نىقاب قىپ كەلدىم بۇ تامان
كۆزۈمدە لىق ياش
زەردىگۈش باغرىمغا غەملەر ئۇيۇلغان.
ياپراقلار شەبنەمسىز ياتار قاغجىراپ،
گەر ئالاي دېسەم
تەنلەرگە تېرىغان روھلاردىن خامان.
تۇتەككە كۆمۈلگەن بۇ هارغىن شەھەر،
يىلتىزسىز ئاۋۇغان يوچۇن دەرەخلەر
قاپلاپ هەر ياقنى ئۆسكەن باراقسان.
نېمە قىممەت
نېمە كېرەكسىز
ھەتتا قۇش - قوڭغۇز، ماشىنىلارمۇ
تاغدا - باغدا
كۆلدە ۋە چۆلدە
مەست ئادەمدەك سۇقۇلۇپ ماڭا
ئەركىن، بەڭۋاش سۈرىدۇ دەۋران.
ئۈچىنچى دۇنيا سودىگەر بۈگۈن،
هوقۇق، ۋىجدان، ئۇنۋان، پاراسەت
نارەسىدە قىزنىڭ پاكلىقى
چوكا مۈزدەك، تازىلىق قەغىزدەك

زۆرۇر بولسىلا سېتىلار ئەرزان.
تىلەيدۇ روھ دوقمۇشتا تەڭرى
ۋەز ئېيتىدۇ ئاڭا زىيالىي
تاتارغىنىچە ئىشەنچكە تولۇپ
كۆڭلىدە چوغ بولسىمۇ گۇمان.

قۇملۇقنى نىقاب قىپ كەلدىم بۇ تامان
ساددىمەن ئۆزۈم
ئاقار قۇمدەك يورىمەن ئۇچۇپ،
ساراڭلاردەك
ئادەملەرنى، قىممىتىمنى
ئۆرۈپ - چۆرۈپ ۋاراقلايمەن ئۆزۈمچە.
بىلگىنىم شۇ:
«بىرى گۈلدۇر، بىرى غۇنچە،
ھېچقايسىسى يوقتۇر سەنەمچە!...»

# بەش بىلەن يەتتىنىڭ ئارىلىقى

## چىمەنگۈل ئاۋۇت

### 1

ئاھ! سەندەكلا، يىراق بىر جايدا
يامغۇرغىلا قالسام ئەسلىنىپ.
تىرەكلەردەك يالىڭاچ بەدەن،
ئارىلىشىدۇ چۈشۈمگە بەزەن.
بوسۇغىدا كۆرۈنمەس ھېچكىم،
پەشتاقلاردىن چۈشمەن لېۋەن.
رەت - رەت بىنا چەكسىز غېرىبلىق،
يايمىچىلار يايغان يىللارنى.
كۆزلەر تاتلىق ۋەھىمە بىلەن -
نېمىنىدۇر ئىزدەيدۇ تىنماي.
مۈگدەپ قاپتۇ چاندۇرمىغۇدەك،
مەسچىت ئىشىكىدە تىلەمچى بوۋاي.
مۇڭلۇق قاراپ ئەتراپقا شۇ دەم
ئۆتۈپ كەتتى بىر شائىر بالا،
هاراقكەش دوستىنى يۆلەپ تەسلىكتە.
قار ياغماقتا يۈرىكىگىلا. . .

قسقا يوپكا كىيگەن جۇۋاننىڭ
كىرىشۋالدى كەيىنگە بىرى.
تىترىمەكتە ئەنسىز خىيالدەك
ئۆزۈن - ئۆزۈن تېلېفون سىمى.

ۋاقىت قىستاپ ئۆتەر يۈرەكنى،
شۇنچە سوزۇق ئادەملەر بۈگۈن.
ئۆزۈمچىلا تەۋەككۇل قىلىپ،
چۇۋۇۋەتتىم چېچىمنى پۈتۈن.

بىز ئولتۇرغان كىچىك ئاپتوبۇس
مېڭىپ يۈرەر يەنە شۇ يولدا.
ئېزىقىمىز ھەممىمىز بەلكىم
بىر ئىلاھىي مېھرىبان قولدا.

ھايات تۇرار كۆۋرۈك ئۈستىدە
بىر ماڭىلا قىلغاندەك خىرىس.

2

چالا كۆيۈپ ئۆچكەن تاماكا
ھېسلىرىمنى ئىللىتىدۇ سۇس.
يوشۇرمايمەن تەبىئەت سەندىن
كىمدۇر تۇتتى قوللىرىمنى بوش.

يىغلىغۇم بار راسا ئۇن سېلىپ
ئۆزۈمنىڭلا ھۇزۇرى ئۈچۈن.
ئادەم ئىزدەش ئىپلاندەكلا
يېپىلىدۇ باغرىمغا تۈتۈن.
كۆندۈزدىكى خورلۇق قەدىردان،
سېزەلمەيمىز بىز بۇنى ئاسان.
بىلىمەن،
يول بويىدىكى ئەخلەت ساندۇقى!
بار سەندە مەندە يوق بارچە نەرسىلەر. . .
پەم بىلەن ئۆزىدى ئىلكىمدىن ئەدەپ
ساددىلىق، ساختىلىق-
بىر تۇمار قىلىپ
يورىدۇ ئادەملەر ئۇنى ئېسىشىپ. . .

بويتاقلىق پۇرىقى كېلەر گوپپۇلدەپ
يۇلقۇنۇش ئازابى بىلىنمەس شۇڭا.
كونا ئىشىك،
دات باسقان قەدەم،
دەسسەپ كىرەر غالجىرلىقىمغا.

رىۋايەتتەك قېنىق رەڭلىك كۈچ
سۇنۇپ بارار ئەركىمدە جىمجىت.
شاراقشىدى قەلب قەپىسى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايناق رەستە – قايناق ھاياجان.
قاپلاپ كەتتى كوچىنى بىردىن،
بويىنى ئۈزۈلگەن كەپتەر باچكىسى.

3

قەغەز قىيىق ياسالغان پەسىل
تۇيۇقسىزلا يېغىپ كەتتى قار.
سۇ گوياكى لىغىرلىغان ياش،
كىرپىكلەردە بىر ئۆتلام باھار.

تەۋرىمەكتە تونۇش قۇشخانا
بار ئۇنىڭدا قۇرغاق ھاياجان.
ئېزىلگىنى كۆزلەر دەشتىدە –
يالىڭاچ قول خار ھەم قەدىردان.

ئۈزۈلمەكتە يېشىل مەرۋايىت
كۆتۈلمىگەن تونۇش دەملەردە.
كۆۋەجەيدۇ ئەرلەرنىڭ تېنى،
ياشاش شۇنداق گۈزەل، بىمەنە. . .

4

ئېقىپ چۈشتى يۇلتۇز سۇنۇقى
تىترىمەكتە پالچىنىڭ لېۋى.

ھالاكەتتەك تاتارغان چىراي
زېرىكىشلىك شەھەر ئاسمىنى!
رەڭسىز ھاۋا
تراگېدىيە،
دات باسماقتا كېچە باغرىنى.
كاۋاپداندەك ئىسسىق باللار
جىمىرلايدۇ دوقمۇش - دوقمۇشتا.
تۇل ئايالنىڭ كۇندەشلىكىدەك
ئېتىقادلار كۆيەر بەك ئاستا.

شاللاق ئەرنىڭ تەبەسسۇمىدىن
تاراملاپ تۆكۈلەر ياشاش بېسىمى.
كوچىلار تەرتىپسىز تۈيغۇدەك گۈزەل
قىستىلىپ يۇرۇشەر ئادەملەر توپى.
ئائىلە
ئىشخانا
مەسچىت مۇنارى
قەھرىتان يۇرەكنىڭ ئەمەس بارلىقى.
يېتىم قىز ئوينايدۇ قونچاق ئېمىتىپ
بۇ بەلكىم، رېئاللىق. . . چۈشنىڭ ئارىلىقى!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## دىلمۇرات تەلئەت

### تەكلىماكان

ئازابلىق ۋە لېكىن ياش تۆكمەس زېمىن،
ئۆچمىگەن ھاياتلىق سەندە ئەزەلدىن .
ياغرايدۇ كولدۇرما كۆيۈك چۆللەردە،
غۇۋا بىر ئەسلىمە بېرىپ قەدىمدىن.

شاماللار ئەۋجىدە بالقىيدۇ ئۆلۈم،
توغراقلار بەستىدە ئۈمىد ۋە كۈرۈم.
كۆزلىرى چەكچەيگەن لەكمەك ئۆلۈكلەر،
قارىسام ئۇلارغا غەش بولۇر كۆڭلۈم.

مۇڭلىنىپ ئاقىدۇ قەدىمي تارىم،
تەشۋىشلىك لوپنۇرغا توۋلار بىتىنىم:
قورقما ناتونۇش، قوپال تۇرقۇمدىن،
كۆچلۈك ئەل يۈرىكى مېنىڭ يۈرىكىم.

بۇ يەردىن كەچمىشتۇر بىپاك ئۆسەكلەر،
ھەم جەسۇر قەسەملەر، تالماس تىلەكلەر.

تۆگىلەر ئۇن-تىنسىز، كۆزىگە زورلار،
نادان سودىگەرلەر پايدىنى كۆزلەر.

قىزىل چاچ ئالۋاستى تۇرار غەربتە،
قامچىسى تارسىلداپ تېگەر شەرقىقە.
بەتلەنگەن ساناقسىز رەھىمسىز ياراغ
ئەركەكلىك ئۇرغۇغان جەسۇر يۈرەككە.

قاراقچى كېمىدىن چىقىپ شەرقتە،
قىر-چاپقا باردى شەرقىي دىيار غەربىگە.
قانلىق تون كىيگەنچە پاتتى كەچكى كۈن،
تەڭرىتاغ قارانچۇق بۇ قانسىز تەنگە.

سوقماقتا ئىزغىرىن يالىڭاچ جىسمىڭ،
ۋە لېكىن ئەزەلدىن يوقتۇر كىيىمىڭ.
تۈن-كېچە ئۆزىچە خۇش بولۇپ كۈلەر
سۆيۈپ شۇ گىرىمسىز، توزانلىق مەڭزىڭ.

غىلىلدار قۇم كىرگەن كۆزۈڭ ئايدىڭدا،
ياش تۆكەر تىنىمسىز قەلىمىم بۇندا.
يۇلتۇزلار ئىشەنچىڭ كۆرۈپ كەلگەندەك
بولىدۇ مەن يازغان تەكلىماكانغا.

## كارىز

تۇرىدۇ
تەڭرىتاغنىڭ كۆكسىنى بېسىپ،
بەئەينى
دانە - دانە كەھرىۋالاردەك.
ئۆتكۈزۈلگەن
ئابىھايات - كۆركەم مەشۇت يىپ،
تاقىغان
سەكراتتىكى چۆللەرگە بېزەك.
ئۇز رۇخساردىكى
تاتلىققىنا زىناق ئۇ گويا.
ئاستاغىنا سۆيۈپ قويۇشتىن
ئۇيالغان شۇ كىرورەن قىزى
چېھرىدىكى جىلۋىدار شولا،
سۇلۇ چاچلىرى
يەلپۈنىدۇ تالايۇ تالا،
مەڭگۇ ئۆچمەس خۇش پۇراقلىرى
كەم سۆز ئۆچمەس ئاشۇ چۆل قوۋملىرىغا
شوخ ھاياجان قىلىدۇ ئاتا.

جەم بولۇشقان دوستلار بەزمىگە،
يۈرىكىدە چەكسىز ھاياجان،

قوللىرىدا كۆمۈش جام تۇتقان.
تەگرىتاغنىڭ زەمزەملىرىدۇر
جام ئىچىدە ۋىلىلداپ تۇرغان.
باقار ئۇلار بۈرۈركۈۋارىغا ـ
گۈلگە تولغان بوغدا ئاتىغا
چېچى تامام ئاپئاق ئاقارغان.

شامال، ئۇچقۇر بۇلۇتلار جەۋلان،
غەرب تامان قىيسايدى قۇياش،
ئېقىنلاردا سانسىز قايناملار
ئۇپۇقچە بولغان بىر تۇتاش.
ياش يۈرەكلەردە
قەدىم ھېسلار ئاتەشكە ئوخشاش.
گاراڭ قەلبلەر
بولدى بىردىن زىرەك ھەمدە شاش.

سۆزۈك ئايدىڭ،
رەت ـ رەت كارىزلار،
يالتىرايدۇ يۇلتۇزلار كەبى.
قۇلىقىمغا پىچىرلار ئۇلار:
يىراقلاردا ئانا دىيارىم،
ئۇنتۇپ قالما، ئۇنتۇما مېنى. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تۇر

يىمىرىلگەن دەردلىك ئەسلىمەڭ
شۇ كۆمۈكسىز سۆڭەكلەر ئارا.
سېنى قەدىم، گىرىمسەن يوللار
تاشلاپ كەتكەن چۆلنىڭ بويىغا.
ئۇرۇلماقتا ماتا يەكتىمكىڭ
جۇت قۇترىغان دەشتى سەھراغا.

ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداپ يانغان،
جەڭ ئاتلىرى كىشنەپ ھارمىغان،
كۆك زېمىننىڭ كەچمىشىن باسقان،
ئاغا ـ ئىنى راسا ماسلاشقان،
ھۇن يۇرۇشى، تالان ـ تاراجلار
نالىلەرگە سەۋەبچى بولغان
ھەم ئەسىرلەر تۇر ماڭلىيىغا
مۆھۈر بولۇپ ئورنىشىپ قالغان.
ئۆتتى تالاي ـ تالاي دەۋرلەر،
يوقالمىدى سادىق قەلبلەر،
ئېگىز كۆكتە قىلىپ نامايىش
ئۆكسۈمىدى ئوت ۋە تۇتەكلەر.
نى كەچمىشلەر ئۆتتى بېشىدىن،

مەغرۇرلۇقى يوتمىدى لېكىن،
بولسىمۇ گەر قانچە ئەسىرلەر.

## كېچە

تۈن - كېچە
ئەرۋاھلارنىڭ قوتۇرغان چېغى.
بەتبەشىرە كۆرۈنەر شۇنچە
كۈن بولمىغاچ ئاينىڭ جامالى.
غەمكىن بولۇپ قالار چىراغلار
كۆرگىنىدە يۇلتۇزلۇق كۆكنى.
سەرپ قىلماق لازىم كېچىدە
بىر كۈندىكى جىمى ئۇلجىنى.
ئاتالمىش ئۇيقۇ
پەقەتلا بىر ئۇيقۇلۇق سەيلە
ياكى ئەركىن يورۇش بەئەينى.
گۆر مىسالى قاراڭغۇ كېچە،
شام نۇرلىرىغا
لىق تولغاندۇر ھەسرەت شارابى. . .

## قۇملۇق

قېرىغان قوياشمەن،
مەندىن كۆيۈپ قالغىنى پەقەت

پايانى يوق قۇملۇقلا، خالاس.
تومۇز ۋە ئاياز،
كېچە ۋە كۈندۈز،
ئاسمان مېنى قىيناپ توختىماس.

باھاردا مەن يوق،
مەندە ھەم باھار،
بوران مېنى قىلدى قاتاڭغۇر
ھەمدە مىسكىن ئەلنى خارۇ - زار.

شېئىرلىرىمدا مەن بار،
بار مەندە ھەم شېئىرلىرىم تامام.
شېئىرىمدىن يېلنجايدۇ ئوت،
ئوت ئىچىدىن بالقىيدۇ ناخشام.
تىلىكىم شۇ:
مەھشەرىگە ئىنسانىيەتنىڭ
سىرلىرىم مەڭگۈ كۆمۈلمەس.
قۇملۇق ئەسلا رىۋايەت ئەمەس!

رىسالەت مەردان

## ئۆيدىن چىقىپ كېتىش

ئۆيدىن چىقىپ كېتەي
ماڭا كېرەك ئەمەس ھېچنېمە
ئائىلە ۋە تۈگىمەس ئىشلار.

ياشاپ باقاي بىر قېتىم تەنھا
بازارلارنى ئارىلاپ كوندە
ئورمانلىققا باراي بۇ قېتىم
سايراپ تۇرغان بولسا ـ ھە، قۇشلار؟

سېتىۋالاي بىر تال ئاتكىرىتكا
يازاي ئۆزۈمگە:
ـ مۇبارەك بولسۇن،
تەبرىكلەيمەن تەنھالىقىڭنى.

خىيالىمنى قىلاي بەھۇزۇر
ھېچكىم ماڭا قىلمىسۇن دەخلى
يازماي باقاي بىر رەت شېئىرنى.
ئاڭلانغان نېمە؟

يۈرىكىمنىڭ ئوتلۇق تىترىشى،
تىترىمەكتە ھەربىر قېتىمدا
سان - ساناقسىز مەنىنى ئېلىپ.
مۆرىكىگە ئايلانغان
يۈرىكىمنىڭ نازۇك سىرلىرى
چېكىلمەكتە ئون - تىنسىز مۇڭلۇق.

قايرىلماقچى بولساممۇ گەرچە،
جۈرئەت مەندىن قاچتى يىراققا.
قان تامچىغان ئەسلىمە ئەمەس،
سەن ئەمەسسەن كەلگۈسى ماڭا.

مەن ئىزدىگەن مۇھەببەت ئەمەس،
سۆيگىنىمنىڭ ئوتلۇق خەتلىرى.
دۇنيا كېزىپ يۈرگەن شامالنىڭ،
ئەڭ يېقىملىق ھەسرىتى، دەردى.

ئاڭلانغان نېمە؟
ئۆز - ئۆزۈمنىڭ ئۇھ تارتىشلىرى.

جەرەن

كۆزلىرىڭدە ئادەملىكنىڭ جىلۋىسى
قاراپ ماڭا ئۆزاق - ئۆزاق ۋاققىچە

قېچىپ كەتتىڭ يېقىنلىشاي دېگەندە.

سەن بىلەن مەن
غېرىب قەلبىمىز
ئوخشىمامدىكەن قاراپ باققىنە.

تىكىلىشكەن دەقىقە
ئوخچۇپ چىقتى مېڭەڭگە
– قاچ!
ئۇ دۈشمەن!
يۈرىكىڭنىڭ بىر قېتى
تارتىشىدۇ يەنىلا.
بوغۇزلانغان قايسى تۇيغۇمىز؟
يىراقلاشقان قايسى قەلبىمىز؟
ھېس قىلدىم
قاراپ ئارقاڭدىن
ئەركىنلىكىنىڭ چەكسىزلىكىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## زاماندىن پاكزات

يىڭناغۇچ، يىڭناغۇچ، مېنىڭ دىلكىشىم،
كىر بۇ دەم قەلبىمگە ئۇچۇپ خىيالەن.
كۆيدۈرۈپ، ئۇجۇقتۇرۇپ ئاچچىق يارنى،
ئەينەكتەك شۇ سۈزۈك قانىتىڭ بىلەن.

تەر باسقان ياستۇققا قويۇپ بېشىمنى،
كۆزۈمنى يۇمىمەن كۆرۈشكە سېنى.
سۇنىمەن دالادەك ئالىقانلىرىمنى،
ئاۋايلاپ پەپىلەپ سۆيۈشكە سېنى.

ھېلىمۇ بارمىدۇ ئاشۇ چاتقاللىق،
مەن سېنى شۇ يەردە ئالغانتىم تۇتۇپ.
مېنىڭ بەك ساددا ۋە سەبىيلىكىمدىن،
گۈزەل ئوڭ قانىتىڭ كەتكەنتى سۇنۇپ.

ئېسىمدە ئاشۇ چاغ ئالىقانلىرىمدا،
بىچارە بىر ھالدا تىترەپ تۇرغىنىڭ.
ئېسىمدە تومپايغان كۆزلىرىڭ بىلەن،
ئازابلىق ئۆكسۈشتە قاراپ قويغىنىڭ.

سېنىڭ شۇ نىگاھىڭ ئەزگەن دىلىمنى،
(شۇ چاغدا مەن بۇنى بىلمەپتىكەنمەن).
چاتقاللىق ئىچىگە قوپقويۇپ سېنى،
سۇنغان بىر قانىتىڭنى ئېپكەتكەنىدىم
سەبىيلىك، زوقلىنىش، قىزىقىش بىلەن،
قويغانتىم شۇ سۇزۈك قاناتنى ساقلاپ.

مانا ئۇ تىترىگەن بارماقلىرىمدا،
ئاپئاق شام نۇرىدا تۇرىدۇ چاقناپ.
كىم بىلەر بۇگۈنكى كۆندە مېنىمۇ،
كېتىشىمنى بىراۋنىڭ ئازابقا تاشلاپ.

ھېلىمۇ بارمۇ سەن مېنىڭ دىلكەشىم،
يۇمىلاق كۆز، ئۇزۇنچاق، ئۇماق يىڭناغۇچ.
تىلەيمەن تەڭرىدىن ساڭا ئوڭ قانات،
بۇ كەڭرى باغلاردا، چاتقاللاردا ئۇچ.

ئۇچ ، كەزگىن شۇ مېنىڭ كونا مەھەللەمنى،
قونۇپ باق مۆكچەيگەن تاملارغا ئاپئاق.
قونۇپ باق قىزىرىپ پىشقان شوخلىغا،
بالىلار شوخلىغا كېلىدۇ ئامراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچ، كەزگەن شۇ يېشىل يايلاقلىرىمنى،
مەن قىمىز ئىچكەن شۇ ئۆيلەرنى يوقلا.
بەلكى بار ھېلىمۇ مەن ئاچقان بۇلاق،
ئېسىڭدە ساقلىغىن ھەممىنى پۇختا.

ئېچىلىپ كەتكەندۇ گۈللىرىم سانجاق،
ئويناشسۇن ئۇ يەردە كېپىنەكلەر شاد.
ئۆسكەندۇ ئۇ يەردە يېڭى قارىغايلار،
پۈركەنگەن تاغلىرى قارلارغا قات - قات.

ئامان بول دىلكەشىم ئوماق جانىۋار،
چېچەن بول، شاخلاردا ئۆمۈچۈك تورىغا.
پەخەس بول، تۇتۇلما دورىپۇرۇشقا،
ئۇ سېنى ئەيلەيدۇ قوشۇپ دورىغا.

سەن ئەگەر باش قويغان بولساڭ يەر ئارا،
بىلىمەن، تۇپراقتا ئايلاندىڭ پۈتۈن.
پىلدىرلاپ يانىدۇ روھىڭ نۇر بولۇپ،
ھەتتاكى قەلبىمنى باسسىمۇ تۈتۈن.
تىلەيمەن تەڭرىدىن ساڭا بىر قانات،
ئۇچ تىنماي كۆك بويلاپ، تىنماي - تىنماي ئۇچ.
نېمە سەن؟

بىلمەيمەن ئۆزۈممۇ ئېنىق،
بەلكى سەن - روھىمسەن ئوماق يىڭناغۇچ.

خاتىرە سەن مېنىڭ سەبىيلىكىمگە،
ئۆمرۈمنىڭ سىردىشى ئوماق يىڭناغۇچ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككى شېئىر

زاھىر ئابدۇراخمان

## ئاتا قەسىدىسى

ئاتا
پەيغەمبەرنىڭ ھاسىسىمۇ سەن،
سۇنمايدىغان، ئۈپرىمايدىغان؟
يا خىزىرنىڭ ۋارىسىمۇ سەن،
تىلسىملارنىڭ سىرىنى يېشىپ،
نېمىتىگە ئۆچرىمايدىغان؟

نۇر ئالدىم دەيدۇ
مېھنىتىڭنىڭ پاكلىقىدىن كۈن،
رەڭ تىلەيدۇ
ساقىلىڭنىڭ كۆڭلۈڭگە ئوخشاش
ئاقلىقىدىن تۈن.

كەلمەس بوپتۇ كۆكلەم يامغۇرى
بۇ تەرەپلەرگە،
ئاڭلىسام
خىجىل ئىمىش تەرىڭ ئالدىدا
نېپىز ئىكەن، ھەي

يامغۇر دەيدىغان. . .
خۇش بولار ئىمىش
يۈرىكىمىزنىڭ دۈپۈلدىشىنى
ئاڭلىسا بوز يەر.
ئارمان يەر ئىمىش
كەتمىنىمىزنى قولغا ئالارغا
چىقسا دەپ بىر ئەر
دوقاللاردا مۆدۈرمەيدىغان. . .

ئاھ مۇھەببەت!
شۇنداق ئۆزۈن قىسسىدۇر ئۇ
ئاخىرى زادى توگىمەيدىغان؟!

سېنى يەنە كۆتتۈم، ئامرىقىم

تاقەت بىلەن
چېكى يوق كۈتۈش
جېنىمغا تەگكەن قەدىناس جايدا
سېنى يەنە كۆتتۈم، ئامرىقىم،
مەن تۆۋەندە نەچچە مۆگدىگەن
شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ،
چايناپ توكۇرۇپ،
سار مېڭىسى يەۋالغان كەبى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

نەچچە چۆرۈلگەن
ئىتائەتمەن شۇ مەجنۇنتالنىڭ
يۈزىگە يەنە
يېڭى تاتۇقلار سالدى بارمىقىم.
ئاشىقلىق مەندىن كەتمىدى تېزىپ،
يا مەن ئۇنىڭدىن بولمىدىم نېرى،
نېسىۋىسىز ئوخشايدۇ
سۆيگۈ كۆلچىكىگە سالغان قارمىقىم.

مەن تومۇزدا ساقلىدىم سېنى
تومۇزغىنىڭ چىرىلداشلىرى
توقۇپ بەردى ماڭا
سەۋرلىك ئاھاڭ،
مەن كەچ كۈزدە ساقلىدىم سېنى،
سۆزلەپ بەردى ھىجران قىسسىسى
ئاياغلاردا يانجىلغان خازان.

مەن ئايازدا ساقلىدىم سېنى
ئاق قۇشقاچلار
كونا تامنىڭ قىسىلچىقىدا
سىلىپ بەردى ئاستىمغا پالاڭ.

مەن باھاردا ساقلىدىم سېنى،
بەردى يېشىل چۈشنى
يېشىل يوپۇرماق،
قالمىدى بىز تۆكۈشمىگەن سىر،
قىلمىغان پاراڭ. . .
سەن كەلمىدىڭ
كۆتۈرمىدى قەلبىڭ يا غەليان،
باغرى تاشلىق قىلدى يا ئاناڭ؟

مەن سەن ئۈچۈن ياش تۆكتۈم،
باھار مەن ئۈچۈن،
مەن باھارغا كەتتىم چىرمىشىپ
باھار ماڭا كەتتى سىڭىشىپ،
ئاستا - ئاستا سۇزۇلمەكتە،
سېنى يەنە كۈتتۈم ئەي « ساراڭ » . . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچ شېئىر

## زۆھرەگۈل ئەخەت

### كۈلۈمسىرەش

يالغۇزلۇق، سەن مېنى قويمىغىن يالغۇز
بەختىنى، ئۆلۈمنى خىيال قىلغۇم يوق.
بوز تورغاي، مۈرەمگە قونۇپ سايرىغىن
جېنىمنى ئالماقچى بولار يالغۇزلۇق.

قەبرىستان ئىچىگە قالغاندەك كىرىپ
ئۆچمەس بىر ئۈمىدتە قالدىم تىرىلىپ.
نەقەدەر تۈگىمەس رەزىل خىيال بۇ،
ئۆزۈمدىن، ھەممىدىن كەتتىم يىرگىنىپ.

ئويغانسام رېئاللىق چۈش ئارىسىدا
كۆزۈمگە ساختىدەك كۆرۈندى دۇنيا.
غېرىبلىق، سېغىنىش، پارلاق تەبەسسۇم
قار كەبى تۆكۈلۈپ قەلبىم قېتىغا.

ئەي ئۆزۈم، مەن ساڭا بەخت تىلىدىم
تۇنجى رەت قەدىردان ئاشىقىڭ بولۇپ.

كۆزۈمگە سۆيۈپ قوي، يانۋار سەلكىنى
بىغۇبار چېچەكلەر كەتمەستە تۇزۇپ. . .

## پاكلىنىش

نەقەدەر ئازابلىق ئۆزىنى ئالداش
دۇنيانىڭ سىرتىغا قالغاندەك چىقىپ.
نەقەدەر رەزىللىك ئۆزگىنى ئالداش
كۆز ياشلار دەريادەك تۇرسىمۇ تېشىپ. . .

پايانسىز بىر چۆلدىن چىقىپ كېتەلمەي
ياشىدىم ئەجەلدەك ئۈن - تىنسىز گويا.
ئۆزۈمدىن شۇ قەدەر يىرگەنمەكتىمەن
ئەڭ چۈشكۈن، گۈزەل ھەم ئۆلمەس تۇيغۇدا.

## ئاخىرقى قەدەم

ئىسمىڭنى ئۇنلۇكرەك ئاتىغان بولسام،
ئەپۇ قىل، يوق مەندە غەيرىي بىر نىيەت.
كۆزۈڭگە تۇيۇقسىز قارىغان بولسام،
ئەپۇ قىل، سېنىڭدىن كۈتمىدىم شەپقەت.
يولۇڭدا كۆرۈنمەي تۇرسام غەمسىنىپ،
ئەپۇ قىل، ياق، سېنى كۈتمىدىم زىنھار.

ئۈن-تىنسىز ساداقەت ساقلىدىم ئەبەد،
ئۆتتۈنەي، قەلبىڭنى قىلمىغىن ئىزھار.
شامماللار چېچىڭنى سىلىسا لەرزان،
ئەپۇ قىل كۆزۈمنى، كۆلدۈم ئېھتىمال.
ئۈمىدلىك كېيىكتەك تاقلىغان بولسام،
ئەپۇ قىل، ئۇ پەقەت ئەڭ تەنتەك خىيال.
يېنىڭدىن كۆلەلمەي كەتسەم يىراقلاپ،
ئەپۇ قىل، سەن ماڭا مەڭگۈ ناتونۇش.
كەتسەممۇ يېنىڭدىن چەكسىز يىراققا
پېتىنىپ دېمىدىم تېخى خەير-خوش.
قۇشلاردىن تىۋىشلىك سورىغان بولسام،
ئەپۇ قىل، سەن كەبى مەغرۇر بۇ ياقتا.
ياپپېشىل قىياقتەك قۇرۇغان بولسام،
ئەپۇ قىل ئاھ مېنى، خۇشال سىياقتا!



## قار ياغماقتا لەپىلدەپ، ئاق قار . . .

غالىپ راخمان

قار ياغماقتا لەپىلدەپ، ئاق قار. .
توزۇماقتا ئوماق چىچەكلەر
مەن كۆرىمەن ئەمما
زەڭگەر كۆكتە تۇرنىلارنى.
قار ياغماقتا لەپىلدەپ، ئاق قار. .
مەن كىلىمەن ئەمما
چىمەنلەرنى قىلىپ پاياندار.
قار ياغماقتا لەپىلدەپ، ئاق قار. .
مەن ئاڭلايمەن ئەمما
ئاڭلاپ - ئاڭلاپ قانماس بىر كۈينى
ئايىغىم ئاستىدا
سايرايدۇ بۇلبۇل!



## قىتئەلەر

### غەيرەت غوپۇر

### سۈكۈت

تىرنىقىمدا قازدىم بىر بۇلاق،
تېپىۋالدىم زەڭگەر بىر ئاسمان،
بوغۇزۇمنى قويدۇم يىتتۇرۇپ،
ئۇچۇپ كېلىپ قاناتسىز بوران.

### ئىدىيە

قانداق بىر قەبرىگە كىرىشتىن بۇرۇن،
ئىدىيە قەبرىنى بولىدۇ ياساپ.
مەيلى ئۇ مۇتەئەسسىپ بولسۇن ئالەمدە،
چۈشىدە بولسىمۇ كۈلەر قاقاقلاپ. . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئۆلگەن شەيئىدىكى ماھىيەت

چىشلىرى كىرىشىپ ئاستا
دەريانىڭ
قېتىشىپ قالىدۇ بەزەن جەسەتتەك
قۇلۇلە ئىچىدە قالغان سىرىنى
بېرەلمەس ئېلىپ
كەڭ قاتقان كۆكرەك.

## قىيامەتلىك چۇش

سۇنۇق چوققىلارنىڭ قاتقان يۈزىدە
پاتتى غايەت زور يالقۇن چاقپەلەك،
مەۋجۇدىيەتنىڭ كەلدى ئېسىگە
كۆك تومۇرغا ئۇلانغان يۈرەك. . .

## كۆز ئالدىمدىكى قىيامەت

يىغلىسىمۇ
ئاسمان ئىلاھى
ئۇنۇپ چىقار قان بىسلىق قىلىچ
يوشۇرۇنغان قۇياش ئىچىگە
قەبرىستاندەك بولماق كېرەك تىنچ.

## يىتتۇرۇش

نۇر ئەۋەتتى قۇياشتىن ئانا،
دەرىيادىكى تاتلىق ئوغلىغا.
ساھىلغا چىققاندا ئۈزۈپ،
بېرىۋەتتى لېكىن ئوغرىغا.

## شامال سېھرى

سۈكۈتۈمنىڭ غالىب قوينىدا
شاۋقۇنلارنى تۇرىمەن ئاڭلاپ.
دەرىيادىكى تەڭسىز ھاياتنى
ئوقۇپ بېرەر شامال ۋاراقلاپ. . .

## بىچارە قۇش

قۇش يىتتۇرۇپ قويدى سىرىنى،
بىلىۋالدى ئوۋچى بىر ھۈنەر،
كەڭلىكلەردىن قانداق ئۆتۈشنى
بىچارە قۇش قايتا ئۆگىنەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## پەرىشانلىق

ئادەملەردىن بولسام پەرىشان،
كىرپىكىمدە تۇغۇلدى دەريا.
شۇنداق «ئىلاھ» بولغانتىم پەقەت،
ئادەم قىلىپ تۇغدى بۇ دۇنيا.

## قۇش قانىتى

تىلەك قىلىپ قۇش قانىتىنى،
سانسىز بۇندا تۇغۇلۇپ ئۆلمەك،
بوركۇت ئىدىڭ ئەسلى، ئەي ئادەم،
كۆكرىكىڭدە تەۋرىگەن يۈرەك!

## يالغۇز كەپە

قاغىلار توپلاشقان، بىراۋ ئورماندا
يالغۇز بىر كەپە تۇرار قارىيىپ،
ئورمانچى ئەمەس ياشايدۇ ئۇندا،
غەمكىن بىر ئادەم قۇشقا ئايلىنىپ.

## ئادەملەر دېڭىزى

شاۋقۇن - سۈرەن چىقىرىپ ئۇندا،
قاينام ياسار ئادەملەر دەھشەت.
ھايات شۇڭغۇپ سۈزەر مەرۋايىت،
قۇلۇلە بوپ يۇرەر ھەقىقەت.

## سەپىرىم

ئۇڭ قولۇمدا تىنچلىق ئۇچۇن جام،
سول قولۇمدا شائىر قەلىمى.
كەتتىم يۇدۇپ يەرنى تەڭرىگە
ئىزدىگىنىم تەڭرى ۋەتىنى.

## غېرىب قەبرە

غېرىب بىر قەبرە تۇرار جىرادا،
داڭگاللار دۈۋىلەپ ياساپ قويۇلغان.
تىرىكلىك ئۇچۇن سەپەر قىلغانلار،
ئاشۇ يەردە ياش تۆكىدۇ ئاسان.

## قەدىم قەبرىستانلىقتا

*ــ تارىخىمغا*

شارابخومار زېمىن توگەل ئىچىپتۇ
توپا رومكىدا ئادەم تېنىنى.
ئېغىر سۈكۈتتە سۆزلەر پەرىشان
نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى مېنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ۋاز كېچىش

## غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

مەن بۇگۈن چىرايلىق بېزەپ بويۇمنى،
سۆيىمەن تۇنجى رەت كۆرگەن ئايالنى.
ئاندىن مەن بولىمەن ۋەھشىي بىر قاتىل،
ئۆلتۈرۈپ تاشلايمەن قەلبىمدە ئۇنى.

ئارىلاپ ئەڭ پەسكەش كوچىلار ئارا
توۋلايمەن، مانا بۇ بىزنىڭ شەھەر، دەپ.
مەسخىرە قىلىمەن مەدەنىيەتنى،
قۇسۇقلار ئىچىدىن چىقىپ ئۆمىلەپ.

سەن كىم؟ دەپ سورىسا، دەيمەن باش چايقاپ:
مەن بۇ دەم ھېچكىمشى، يوق مەن ھېچ يەردە
غوجە . . . ئۇ ئىسمىدۇر ياش بىر ئازابنىڭ،
ئۇ ئۆلدى، خاتىرجەم ياتقاي گۆرىدە!

## ئىككى شېئىر

قەھرىمان روزى

### ئىلغىنىش

قۇيۇلار قەدىمي چۇشلەرنىڭ
چالىسى روھلارغا ئاققانچە.
تونۇش ئۈن كېلىدۇ تايتاڭلاپ،
سويۇلغان تەنلەردىن چىققانچە.
شاراب بوپ بىخسىغان قانلىرىڭ،
كېلىسەن دەلدەڭشىپ ساراڭدەك.
چېپىلسا ۋايىسماس جانلىرىڭ،
ئېسىلدىڭ ئېگىزگە باراڭدەك.
سەن ئويغان، بالبالىنىڭ قوللىرى
ئىرناقلاپ تۇرىدۇ تېنىڭنى.
تارىخنىڭ يىرتىلغان بەتلىرى
ئىچمەكتە ئېچىرقاپ قېنىڭنى.
سوكۇتنىڭ باغرىدىن ئېچىلغان
قان رەڭگى قۇياشتەك بىر ئىلەك.
ئىلغىنىپ تۇرىدۇ ھەر ۋاقىت،
كاۋاپ بوپ ئىتىلغان بىر يۈرەك،
رېئاللىق ئىچىدىن تولغىنىپ،
كۆپۈكتەك لەيلىگەن ۋۇجۇدلار،

سويلايدۇ باغرىڭدا بەختلىك،
مىدىرلاپ شۆھرەتلىك قورتلار.
كۆچمەكتە تومۇرغا يىتكەن روھ
خارابە تېگىدىن كۆۋەجەپ.
دەسسىسە سەنەمگە سايىلەر،
تارتىشار پاراتقا تىرەجەپ.
بوۋاقلار پېتىچە قالمىغان
ئەزەلدىن ئەركەكچە قىياپەت.
تېرىقتەك چېچىلغان ۋۇجۇدلار
تاغ بولۇر بىرىكىپ ئاقىۋەت.

## ئوماق مۇھەببەت

خىرۇستالدەك چاقناپ قالسىكەن
ئىككىمىزدە ئوماق مۇھەببەت.

ھاياتىمدىن تۇكۇلسە زەر نۇر،
رەڭدار بولۇپ كۆرۈنەر دۇنيا ،
دىلدا قوزغاپ قايناق مۇھەببەت.
سۆيگۈ تىلەر، قۇت تىلەر يانا
يوللىشۇەتكىن، ئوماق پەرىشتەم،
خەتكە قوشۇپ تىنىقلىرىڭنى.
شاۋقۇنلىغان دەريا كۆيىدەك
ھىدلىغۇم بار تىنىقلىرىڭنى.

ئاي كۆلگەندەك ئاينىڭ بېشىدا،
چاقناپ تۇرغان يۈرىكىڭ قېنى.
ئۇچۇپ كەتمە قۇشتەك پەر قېقىپ
نېسىپ بولسۇن ماڭا ئاي نۇرى.
چاقناپ قالسۇن مەڭگۈگە ئەبەد
ئىككىمىزدە ئوماق مۇھەببەت.

بىر دەستە گۈل تۇتىمەن جەزمەن،
قوقاسلانغان يۈرىكىم بىلەن.
تۆكۈلسە كۆز يوپۇرماقلىرى،
بېلىجانْ بوپ قالىمەن بەزەن.

سەھەر كېلىپ كەتكەندەك قۇياش،
تۇتۇق بەرمەي يۈرىسەن ماڭا.
ساقلىدىم مەن ئۆزۈڭدىن بېرى
بەرق ئۇرغان گۈللەرنى ساڭا.
چېقىنلىرىڭ تەگمىسۇن ئوق بوپ
تېپچەكلىگەن يۈرەكلىرىمگە.
سۆيگۈ ئوتى چوغدەك روھلىنىپ
دەرمان بولسۇن تىلەكلىرىڭگە.
خرۇستالدەك چاقنىسۇن ئەبەد
ئىككىمىزدە ئوماق مۇھەببەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قەيسەر تۇرسۇن

## كوچا ئاپتوبۇسىدا ئۇخلاپ قېلىش

بۇ يوللار تونۇماس مېنى ھەر كۈنى،
تونۇماس ئادەملەر ۋە ياكى خۇدا.
ناتونۇش ئاۋازلار ئارا ئۇخلىماق
ئاخىرقى، ھەقىقىي ئەركىنلىك گويا.

ياتسىراپ سۆيمەكتە موھتاجلىق مېنى،
قەلبىمنى قايتىدىن چۈشەنمەكتىمەن.
گۈزەللىك يىراقلاپ بارماقتا چەكسىز،
ئىسمىلا ساقلانغان كۆڭلىمىز بىلەن.

ئەڭ ئاددىي ئادەتتۇر پۇشايمان قىلىش،
ماشىنا ھەسرەتكە ئەگىشىپ بارار.
قورقۇپ ھەم ئېچىنىپ سۆيدۇم ھەممىنى،
ئاھ، جېنىم سۆيگەندەك سېنى باشقىلار.

# كۆز يېشى

مەن كۆڭلۈمنى ئاياپ شۇقەدەر،
يىغلامسىراپ چىقتىم بۇ كېچە.
ھەممە ماڭا كېرەك بولسىمۇ،
مەنلا كېرەك ئەمەس ھېچكىمگە.
ھەممە جىمجىت، سۇلغۇندۇر شۇ تاپ،
تەڭرى ئۆلۈپ قالغاندەك گويا.
قەبرىستانلىق، ئىنسان، مۇھەببەت
لەيلەپ يۈرەر كۆز ياشلار ئارا.

كۆز ياشلارنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا
ئەسلەپ تۇرۇش مۇمكىن ھەممىنى.
بۇ بىر قۇرغاق شەھەر بولسىمۇ،
سەلدەك ئېقىپ تۇرار كۆز يېشى.



# چىۋىن

## قۇدرەت قۇربان

تىلسىملىق، سىرلىق، يوچۇن مەھبۇسخانا،
تاتارغان تام بېتىدە جاراھەت، داغ.
ئىسلاشقان ھاۋادا تۇنەيدۇ ئاي،
نەدىدۇر ۋەھىمىلىك تۇۋلايدۇ زاغ.
بىر چىۋىن ئۇچۇپ كىرىپ ھاۋادىن
ئۆمۈچۈك يايغان تورغا ئۇسۇپ قالدى.
گىڭىلداپ تور ئىچىدە جىمىپ بىر پەس،
تورۇستىن زەرداپ يەرگە چۈشۈپ قالدى.
ئۆمۈلەپ كەلدى چىۋىن بىر قاناتلىق،
ئايرىلغان تور ئىچىدە قانىتىدىن.
بىر مەھبۇس ئىچى پۇشۇپ بۇ چىۋىننى
ئايرىماق بولدى يەنە ھاياتىدىن.
مەھبۇسنى توسۇۋالدى غايىب بىر قول،
چىۋىننى ئوراپ رەڭدار نۇر ئۇچقۇنى.
ئاڭلاندى: «مەنمۇ سەندەك ئاشىق، غېرىب،
كەلگەنتىم سەن بىلەن بىر مۇڭداشقىلى. . .»
سوكۇتكە پاتتى مەھبۇس ھەيران بولۇپ،
چىۋىننى ھاۋادىن پۇۋلىۋەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇ
تۇيۇقسىز ھۆكرەپ - ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

سەھەردە بىر چۈش كۆردى، بۇ چۈشىدە
بوۋىسى كەپتۇ روھى چىۋىن بولۇپ
دەپتۇ ھەم: «كەلدى ئەنە بۆرە ئىلاھ،
كۆزلىرى كۆكتىكى جۈپ چېقىن بولۇپ.
قايتۇرۇپ كەلدى بەلكىم ئاشۇ بۆرە
قەدىمي ئۆڭكۈردىكى ئەرلىكىڭنى.
قايتۇرۇپ كەلدى بەلكىم تالاي ئەسىر
ئىزدىگەن ھۆجەيرەڭنى، جەۋھىرىڭنى...»

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تاش ئادەم

كېرىمجان سۇلايمان

1

ھەيران قالما، پەرىشتە ئانا،
مېڭىپ يۈرگەن تاش ئادەملەرگە.
ئاۋازلىرى ئايلانغان تاشقا،
گەر ئۇلاردا بولسىمۇ زۇۋان،
نازۇك دىلىڭ سۇنۇپ كەتمىسۇن،
بولالمايمەن ساڭا تەرجىمان.

2

ھەيران قالما، پەرىشتە ئانا،
تاش بوسۇغام ئالدىغا كېلىپ؛
جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاش ئىشىك
تەبەسسۇمدا كەتسە ئېچىلىپ.
ئېھ، قانىتىڭ تېگىپ كەتمىسۇن،
تاش ئادەمدۇر مېنىڭ ھەمراھىم.

بالاڭ تاشتۇر، نەۋرىلىرىڭمۇ
تاش تىلىدا سۆزلەيدۇ دائىم.

3

ياراتقانمىش تەڭرى ئەسلىدە
دەريالارنى ئىنسان قەلبىدە.

كۆچكەن ئىمىش زېمىنغا ئۇلار
كەلگەن كۈنى شەيتاندىن خەۋەر.
پەيدا بولغان شۇنىڭدىن باشلاپ
تاش ئادەملەر، مۇشۇ تاش شەھەر.



## تاش چېچەكى

### مۇتەللىپ مەگسۇر

1

كۆپلەپ يۇرەر ئاخشامقى ھېسسىم
ئۈستۈمدىكى قاقشال ئاسماندا.
يامغۇرلارنىڭ قالغان كۆپۈكى
ئىچىلماقتا ئەتىرگۈل بولۇپ
قەلبىمدىكى ئاپئاق تۇماندا.

2

شىلدىرلىغان تەنلىرىڭ ئارا
تاش چېچەكى ئاچماقتا چىراي.
قاسىراق - قاسىراق تاش بارماقلىرىڭ
ئارىسىدىن غەمكىن شىرىقشىپ
ئېتىكىگە چۈشتى ھاياجان.

3

سايە تاشلار كېچىگە روھلار،
ئۇخلاپ قالدىم دەرەخ ئاستىدا.
ئوت ئارىسىدىكى تەنھا تۇرنىدەك
چىقىپ كەلدىڭ جىمجىت لەپىلدەپ
يېلىنجىغان ئۇپۇقلار ئارا.

مۇختار مەخسۇت

## تەنھا قېيىق

ساھىلدا تۇرىدۇ تەنھا بىر قېيىق .
داتلاشقان قوزۇققا باغلاقلىق مەھكەم
ئۇ بۇندا تاشلىنىپ ياتقىلى نىكەم،
ئاستىدا لاتقىلار بوغىدۇ دىمىق .

يىراقتا، زەڭگەررەڭ دېڭىز يۈزىدە
يەلكەنلىك كېمىلەر سوپلايدۇ ئەركىن.
يېگانە شۇ قېيىق تەلمۈرەر غەمكىن،
ئۆكۈنۈش ياشلىرى ئەگىپ كۆزىدە.

دولقۇنلار كېلىدۇ ئېيتىپ ئارىيە،
يېتەكلەپ بارغىلى ئۇنى دېڭىزغا.
نە ئامال بىچارە بۇ « تۇتقۇن قىز » غا،
غىچىرلاپ بىر ئاچچىق قىلىدۇ نالە.
كېمىلەر ئۈپۈققا كەتتى يىراقلاپ،
ئۇ تۇرار شاۋقۇنسىز ساھىلنى ساقلاپ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئۇرۇمچى ۋاقتى

قوشنام داستىخان يېيىپ شەپەقتىن
ھۇزۇرلىنىپ يېيىشمەكتە ئاش.
خور توشۇيمەن چۇشلەردىن چۇشكە
سۇنۇق ئاينى قىلغانچە ھاپاش.
رەنجىپتىمەن تېخى خورازدىن
چىللىمىدىڭ دەپ.
خوراز ئېيتتى:
نە ئۈچۈن
جامالىنى كېچىكىپ دائىم
كۆرستىدۇ بىزگە شۇ قۇياش ؟!

## شۇندىن بېرى ...

شۇندىن بېرى
ئۆچۈپ كەتتى رەڭلەر جىمۇسى .
تاغلىرىمنى كېزىپ سوغ شامال
تاقىر بولۇپ قالدى جىلغىسى .

شۇندىن بېرى
ماچىتلىرىم سۇندى قايرىلىپ،
قىقاس سېلىپ تۇمانلار ئىچرە
ئاق چايكىلار يۈرەر ئايلىنىپ .

شۇندىن بېرى
غايىب بولدى سۆيۈملۈك يوللار.
ئاندا ـ ساندا گۈگۈگا ئىزىڭدىن
ئاڭلىنىدۇ يىغلاڭغۇ تىللار.

شۇندىن بېرى
يوقلىمىدى سايەڭ بېغىمنى.
لەيلەپ يۈرگەن زەر ياپراقلىرىم
باشلاپ كەپتۇ كەچكۈز چېغىمنى .

شۇندىن بېرى
خىيالىمدىن كەتمىدىڭ نېرى .
گۈگۈم پەيتى ئورمان ئىچىدىن
تورۇپ چىقار دىلىڭنىڭ سىرى.

## ئاھ، بوستان قاراۋۇلى

تا ئەزەلدىن بويۇڭ پاكار،
ئۆسمىدىڭسەن،
ئۆسەلمىدىڭسەن.
( بەلكى ئۆسۈشنى خالىمىدىڭسەن)
چۈشەنگەنلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساڭا ئوقۇشار تۇمەنمىڭ تەھسىن،
پاخپاق دېمەس،
ئەخمەق دېمەس،
چۈنكى بوستاننى تاللىمىدىڭسەن.

ئەۋلادمۇ ئەۋلاد
سۇرمەستىن زوۋان،
باغلار چېتىدىن
قۇملۇق ئىچىدىن
تۇتتۇڭ سەن ماكان.
بوستانلارنى
بوران كېلىپ سوقمىسۇن، دەپ،
مېۋىلەرنى
قاراقچىدەك قاقمىسۇن، دەپ،
سېپىل تۈزۈپ،
نەيزەڭنى بەتلەپ،
قاراۋۇلدا تۇردۇڭ سەن ھامان.

تۈز ئىدىڭ سەن نوتا چېغىڭدا
( خۇددى كۆڭلۈڭدەك )
بىراق تۈز پېتى ئۆسەلمىدىڭ سەن.
گويا تۇمەنمىڭ ئاچ بۆرىلەردەك،
بوران ھۇۋلاپ كېلىپ تىنىمسىز،

ئەگدى بىلىگىنى،
ئېگىزۆەتتى خۇددى كاماندەك.
ئېرىقلارمۇ
ئۆستەڭلەرمۇ،
ئەگىپ كەتتى سېنىڭ ئالدىڭدىن،
چاڭقاقلىقتا قىيناپ دىلىڭنى
دەرياغا ئاپىرىپ سۇغارمىغاندەك.
چوكانلارمۇ كېلىشتى
پالتا بىلەن چاناپ يۈزۈڭنى
تارام - تارام ياشلاپ كۆزۈڭنى
ئېلىپ كەتتى يىلىمىڭنى،
ئەۋزەل كۆرۈپ خۇددى مارجاندەك.
ئاز بولدى،
بەكمۇ ئاز بولدى
تەبىئەتنىڭ
ئىنسانلارنىڭ ساڭا بەرگىنى،
بەلكى باشقىلاردەك
ئەتىۋارمۇ كۆرمىدى سېنى.
بىراق
ئالغىنىڭدىن بەرگىنىڭنىڭ كۆپلۈكىگە
قايسى ئەقىل ئىگىسى
كۆز يۇمسۇن قېنى؟!
تانغاق موللام كۆز يۇمغىنىدەك.

شوخلاشقا
ھەر باھاردا گۈل ئاچقىنىڭدا
شامال ئېلىپ كېلەر ھىدىڭنى.
پۇرايمىز ئۇنى
مۇشكى، ئەنبەر پۇرىغاندەك.
قۇياشمۇ
تولۇن ئايمۇ
مېھرى بىلەن سۆيەر سېنى
ئانا بوۋاقنى ھەدلىگەندەك.
شوخلاشقا
ياپراقلىرىڭ جۇلالايدۇ
كۈمۈش تەڭگىدەك.
مېۋىلىرىڭ كۆز چاقنىتار
يۇلتۇزلاردەك
گويا ئالتۇن يۇلتۇزلاردەك.

ئاھ، بوستان قاراۋۇلى
سەن مېنىڭ قەلبىمدە.
سەن
بەكمۇ يىراقتا. . .
خىياللارنىڭ گىرۋەكلىرىدەك. . .

شېئىرلار

مۇسا ئەھەد

## يىراقلىشىش

يىراقلاشتىم ئۆزۈمدىن،
يىراقلاشتىم نۇر بۆشۈكىمدىن،
بوينۇمدا پىنھان بىر ياراغ،
يىراقلاشتىم
ياشقا ئامراق بىر جۈپ كۆزۈمدىن.
ئەسىر تۇزانلىرى جىسمىمدا
سىلكىدىم قانات،
تىلەپ بەختىمنى قارا كېچىدىن.

## يىرگىنىش

كۆرىمەن ھەر كۈنى ئەتىگەن - ئاخشام،
كوچىدا
تام تۈۋى
بۇلۇڭ خىلۋەتتە
قىڭغىر چىشلەپ غاڭزىسىنى ئۇ،

ئالەمدىكى بارچە تەشۋىشنى،
غەم - غۇسسىلەرنى
ھالقا - ھالقا ئىسلارغا قوشۇپ،
پۈۋلەپ ئولتۇرغان
ساڭىمۇ
ماڭىمۇ تونۇش بوۋاينى.
ئۇستىدە
ئۆزۈن بىر يەكتەك
بىلىپ بولماس رەڭگىنى،
ياداڭغۇ يۈزىنى باسقان چاچ - ساقال،
كۆزلىرى بۇلۇتلاشقان،
يالاڭۋاش
مۈرىسىدە ئوزۇن چاچلىرى،
ئوخشاپ قالغان گويا چاڭگىغا.
مۇبادا ئۇچرىشىپ قالساق يوللاردا،
ئۆتەلمەيمىز بىز ئۇنى يانداپ،
كەلگەن كەبى باشقا ئالەمدىن.
ئۇ يۈرىدۇ شۇنچە خىرامان،
كۆلۈپ قويۇپ گاھىدا ئاچچىق،
ئادەملەرنىڭ توپى ئىچىدىن
كۆرگەن كەبى قىزىق كومېدىيە.
كىم بىلىدۇ بەلكى ئۇنى
ئاق قۇ بەدەن بىر گۈزەل پەرى

ئېرىتقۇدەك باغلاپ كۆزىنى،
دەرد چۆلىگە ئەيلىگەن سۈرگۈن؟
كىم بىلىدۇ بەلكىم ئۇ
بىزار بولۇپ بار رەزىللىكتىن،
يىرگىنىپ
جاھان كېزىپ يۈرگەن دەرۋىش.
بىز سۈمۈرسەك چاڭ - توزانلارنى،
ئۇ قوندۇرۇپ يەكتەكلىرىگە
يۈز - كۆزلىرىگە،
ئادەم سىياقىدا يۈرگەن ئەۋلىيا.



## ئىككى شېئىر

مۇھەممەتجان ئەمەت

### قورۇق يۇيۇش دۇكىنى

ھەر قاچان
رەڭگى ئۆڭۈپ سۇسلاشقان روھنى
دۆتلۇكىنى ھەتتا بىر ئەلنىڭ
تۇيدۇرماستىن، نەمدىمەستىن ھەم
يۇيۇۋالغۇم كېلىدۇ سەندە.
قايتا - قايتا دەزماللاپ، پاتلاپ
قىر چىقارغۇم كېلەر مىللەتكە
يۇمشاق باشنى، ئاجىز ئەقىلنى
بىر كېچىدە ئۆزاتسام دەيمەن
قايتىش يولى تاقاق بېكەتكە.

سەن نەقەدەر گۈزەل ۋە ھەيۋەت
ئېھ، سۆيۈملۈك يۇيۇش دۇكىنى.
روھىمدا كىر، ئىرادەمدە كىر،
سەن يۇيۇۋەت، يۇيۇۋەت ئۇنى.

# سۆيگۈ قوشىقى

ئارالمەن، خىيالىم گىرۋەكلىرىدە
كۆكەرگەن باراقسان ياڭاق دەرىخى.
تىترەيمەن تەنھالا گۇگۇم ئىچىدە
تۇرمىسا نىگاھىڭ يېنىك تامچىلاپ،
قۇرۇيمەن دالانىڭ نەپەسلىرىدە
قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ نۇرلىرى ئارا
ھىجراننىڭ بۇرۇقتۇم قەپەسلىرىدە
ياتىمەن غەم چېچىپ يالاڭ، يانچىلاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئېسىمدە ئەپپاقساڭ چۈشتەكلا كەچمىش

مۇھەممەدسالىم مەتروزى

ئېسىمگە ئەپپاقساڭ چۈشتەكلا كەچمىش،
جىگدىلەر غولىدا قالغان سۇۋۇنۇش.
يېنىكچە تارتىلغان، ئوخچىغان كۆكسىڭ،
مەڭزىڭدىن كۆچكەندە تۈنجى قورۇنۇش.

لېۋىڭگە تامغاندا ئاچچىق تەر ھىدى،
تېقىمىڭ سىرقىرىغان لەزىز ئازابتىن.
ئالەمگە شۇ پۇرسەت ئۆزۈڭلا تەڭرى،
يېگانە پىچىرلاش ساڭا ئەتراپتىن.

كەلمىدى قايتىلاپ ئۇ چۈشلەر بىراق –
باغرىڭنى ئىسسىتىپ تۇرار بىر ئۇماق.
تەكچەڭدە سولاشقان جىگدە چىچىكى،
كەلمىدى قايتىلاپ ئۇ چۈشلەر بىراق.

## مۇھەببەت بىر پىچاق

نۇرمۇھەممەت ھاشىم

مۇھەببەت بىر پىچاق ئۆزىمىز سالغان،
ئىلاج يوق سالماسقا جىمغۇر يۈرەككە.
سالىمىز، توختىماي ھەر چاغ سالىمىز،
شۇ پىچاق يەتكۈچە ئاخىرقى چەككە.

سانجىلغان مۇھەببەت تىكەن، مىخ بولۇپ،
يۇلماققا نە ئىلاج يۈرىكىم تۇرسا.
قىينىلار ۋۇجۇدۇم ئېغىر ئازابتىن،
سانجىلغان پىچاقلار دىرىلدەپ تۇرسا.

ئازابلار ۋە ياكى شادلىق بولسىمۇ،
سانجىيمىز پىچاقنى ئەبەدىلئەبەد.
مۇھەببەت ئاھ شۇنداق بىر ئالتۇن پىچاق،
تەشنا بىز ئۇنىڭغا مەڭگۈگە پەقەت.

قارىساق ئاخىرى پۈتمەس جاراھەت،
بويىغان ئۆمرىنى قىپقىزىل قانغا.
مۇھەببەت بىر پىچاق بولسىمۇ ئاخىر،
يەتكەندەك بولىمىز گۈزەل ئارمانغا.

## قىز

### نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

سېنىڭ لەرزان، جىمجىت تىۋىشىڭ
دېرىزەمگە قوندى. بىر كۈنى.
كۆردۈم ئۇندا زەڭگەر ئاسمىنىنىڭ
جىمجىتقىنە تۇرغانلىقىنى.
ئايىغىمدا كۆيەر چىمەنلەر،
كۆيەر قۇشلار، غېرىب دەرەخلەر.
كۆيدى نۇرغۇن چۈشلەرنىڭ بەرگى
كۆيدى ئويغاق، ئاشىق كېچىلەر،
ئاھ، نەدە سەن شاۋقۇنسىز كۈنلەر؟ !
باستىم ئاياغ يالغۇز تۈنلەرگە.
ھەسرەتلەرنى تونۇدۇم تالاي،
چىغىر يوللار يۈتتى قەيەردە !
سېرىق غازاڭ لەيلەر جىمغىنە.
سۆزلەر غېرىب، ئۈۋىلار يېتىم.
كىملەر شېئىر؟ شېئىردۇر قىزلار!
مەغرۇرلۇقۇم سۇندى كۆپ قېتىم.
تەسلىم بولدۇم دەرەخلىرىڭگە،
بولدۇم تۈنجى سەن قونغان ئۇۋا.

يۇلتۇزلارغا ئايلانغان سەھەر
ياغلىقىڭدەك لەپىلدەپ گويا.
دېرىزىلەر سۆزلەر ئىسمىڭنى،
ئاھ، قەلبىمنى يىرتتىم بىرمۇبىر.
ئۆلدى نۇرغۇن دەرەخلەر غەمكىن،
قۇشلار، ياپراق، قالدى مۇڭ تەسۋىر.

## ئىككى شېئىر

### ھاجى قۇتلۇق قادىرى

### ئېيتما ، ئانا

ئېيتما، ئانا!
ئەللىيىڭنى،
ئۇخلىمايمەن ئەمدى.
مەن پەقەت،
ئاڭلىغۇالدىم خوراز ئۈننى.
بۆشۈكۈمدىن
تېزرەك يېشىۋەت! ! !

### تەڭرىنى ئىزدەپ

ئىشىك قېقىپ،
ئىزدەپ يۈرىمەن
تەڭرىنىڭ ئۆيى نەدە دەپ.
كۆرسەم ئەگەر،
ئۈنىڭ ئۆزىنى.
سورايتتىم مەن،
جەننەت نەدە دەپ.

ئىككى شېئىر

هاياتنوپۇس مۇھەممەت

## كەچتىكى قىزلار ياتىقى

جىمجىت ياتاق. . .
ئېغىر - ئېغىر خورسىنىشلاردىن
تونۇپ قويار ئۆزىنى قايتا.
يۈز ئۆپىسى تۆكۈلگەن يەردە
چېچىلىپ ياتار سەككىز ساپما كەش.
ئالدىراشلا يۆيۈلغان پايپاق
قىڭغىر تۇرغان ياستۇق لۆڭگىسىگە
جىمجىتقىنە سىرغىماقتا.
ئۈنئالغۇدىن چىققان مۇزىكا
يالىڭاچلانغان قەلبىڭ قېتىغا
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ سىڭىدۇ ئاستا.
ھالسىزغىنە غىچىرلىشىدا
ئاۋاتلاشقان ئېھ، تۆمۈر كارىۋات
ئوقۇماقتا مۇڭلۇق بىر ناخشا.
گاراڭلاشقان شەھەر شاۋقۇنى
دېرىزىدە كېتىدۇ ھۇۋلاپ.

يۇزماي، ئەتىر پۇرىقىدا،
غالىب كەلگەن ياتاق تۇرمۇشى،
شەھەرسىمان مايلانماقتا.
كېتىپ قالدى ئاخىرقى قىزمۇ
سىگنال بېرىپ ئۆتكەن تاكسىدا.
گۇۋاھچى بوپ ئىسلاشقان بىنا،
قالدى ئوخشاش بۇگۈنمۇ يەنە.
قالدى يەنە ئۇزىتىپ ئەنسىز،
ۋىجىككىنە غېرىب دەرۋازا.
قىزلار ياتىقى ـ
كۈندۈزدىكى ئۇيقۇ ئامبىرى،
تالاي ـ تالاي كۈندۈزلىرىنى
چۈشلىرىگە ئايلاندۇرماقتا.
ياتاق، كارىۋات. . .
ئۆتەڭلەردەك ئۇنتۇلغان مۇلۇك.
تۇنجى قېتىم سەپسالار بەلكىم،
كارىۋاتقا، تاماق ئۇستىلىگە،
يېڭى بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك.

## سىلكىنىش

قىزچاق!
تەنھالىقتىن قورقۇشلىرىڭدىن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غايىبلىقتا تاپقىن ئۆزۈڭنى،
تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىڭ بىلەن،
ئۇزىتىپ قوي تەشۋىشلىرىڭنى.

قايتۇرۇپ كەل ساددا مەيلىڭنى،
ئېچىرقاشتىن بولما بىتاقەت.
چۈشلىرىڭدەك قارشى قىرغاقتا
ئېزىپ يۈرەر مەڭگۈ مۇھەببەت.

كۈتۈش بىلەن ئۆتكەن كۈنلەردىن
تېپىۋالغىن قىممەتلىرىڭنى.
سۆيۈشلەرگە رام بولۇپ كۆڭۈل،
يەپ كەتمىسۇن مەۋجۇتلۇقۇڭنى.

## يالالڭ ئاياغ كەزدىم قۇملۇقنى

هەبىبۇللا رەجەپ

تونۇش ئاۋاز كېلەر قۇملۇق سېنىڭ باغرىڭدىن
يالاڭ ئاياغ كەزدىم بۈگۈن سېنى نېمىشقا! ؟
راست چۈشۈمگە ئەۋەتكىنىڭ يۈلغۇن چېچەكى،
ئۆلگۈرمىدىم سىرلىرىڭنى تېخى يېشىشكە،
يايلىسىمان تۇرۇم - تۇرۇم دولقۇنۇڭ ئارا،
جىلۋە قىلار كۆز ياشلىرى نېچۈن باھارنىڭ! ؟
پىرچەڭگىنىڭ تىنىقلىرى كېلەر گۈپۈلدەپ،
كېلەر ھەتتا ئۇن - مۇڭلىرى ئۈزۈلگەن تارنىڭ.
شۇ دەم ئاتەش دولقۇنۇڭغا يېقىپ باغرىمنى،
سەرخۇش مەستلىك كەچمىشىگە يوكسەلدىم چەكسىز.
ئاپتاپلارنى يىغىپ ياتقان قوۋناق ۋۇجۇدسەن،
مانانلاردىن پارلاپ چىققان ئىمانىڭ پاكىز،
سوكۇتىڭنىڭ ئالقىنىدا ئۇنلىگەن ئاۋاز،
سېھرىنى پۈركۈۋەتتى قەلبىمگە بۇ دەم.

## ئىككى شېئىر

**ھەسەنجان بوساق**

### گەر نېسىپ بولغاندا قايتا بىر سۆيۈش

تاقەتسىز تەلمۈرۈش، زارىقىپ كۈتۈش
قالدۇرغان سوۋغاڭمۇ، ئېيتقىنا، گۈلۈم؟
گەر نېسىپ بولغاندا قايتا بىر سۆيۈش
رازىدىم قوينىڭغا ئالسىمۇ ئۆلۈم.

تاڭلارنى كۈتىمەن تۈندە ئۇخلىماي،
تاڭ ئاتسا تىلەرمەن تۈنلەرنى يەنە.
كەل، نىگار، سۆيگىن بېخىللىق قىلماي،
بىلىنەر سېنىڭسىز ھايات بىمەنە.

ئاھ، ئەجەب لەززەتلىك شۇ دەقىقىلەر،
كۈتىمەن، قاچانمۇ كېلەر قايتا دەپ.
مەندىكى ساڭىلا خاس ئەقىدىلەر
ئۆتەرمۇ ھەمىشە شۇنداق دەشنەم يەپ؟

نەدىندۇر ئاڭلانسا ئاشۇ ئاخشىمى
ئىككىمىز ئاڭلىغان ناخشىنىڭ ئۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىيالغا چۆمۈلۈپ ئۆشبۇ ناخشىنى
يادلايدۇ يۈرىكىم كۈنى ۋە تۈنى.

بىلمەيمەن قانچە رەت سۆيگەنلىكىمنى
سەن ماڭغان يوللارنىڭ گىرۋەكلىرىگە.
قانداقمۇ دادلايمەن كۆيگەنلىكىمنى،
ئېسىلىپ خەقلەرنىڭ بىلەكلىرىگە.

سېغىندىم مەن سېنى، سېغىندىم ئەجەب،
ھەر دەقىق مىڭ يىلدەك بىلىنەر گويا.
تاقەتنى تۈگەتتىم سەن ئۈچۈن خەجلەپ،
سېنىڭسىز تار ئىكەن ماڭا كەڭ دۇنيا.

ئازابلىق بولسىمۇ تەلمۈرۈپ كۈتۈش،
ئۈمىدىم روھىغا بېرىدۇ مەدەت.
ئۆتۈڭدا مىڭ يىلچە كۆيۈپ، بىر ئۆچۈش،
مەن ئۈچۈن شەرەپتۇر ئەبەدىيلىئەبەد.

## يۇلتۇزۇم

يۇلتۇزۇم بار مېنىڭمۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدە،
بەلكىم ئۇ بىر چولپاندۇر ياكى كۆزدىن بەك يىراق.

كۆرگەن چۈشلەر زەپ گۈزەل، تۈن نىسپىدە، سۈبھىدە،
ئۆڭىغا تارتماي چۈشلىرىم دىلنى ئۆرتەر دەرد - پىراق.

چۈشلىرىمدە تالاي رەت بەلكىم چىراي ئاچقانسەن،
جامالىڭنى يۇلتۇزۇم بىر كۆرەرمەن قاچاندا؟!
مەشئەل ياقماي يولۇمغا نەلەرگىمۇ قاچقانسەن،
تۇمانلارغا كۆمۈلۈپ تېڭىرقىسام ئاچالدا.
ئىزلىرىمنى كۆمەلمەي غالجىرلاشقان قۇيۇنلار
تىمىسقىلاپ پۇرايدۇ تاپىنىمنى دەممۇ دەم.
مەقبەرىلەر بېشىدا كۆپ ئوينالدى ئويۇنلار،
بىلەلمىدىم قايسى راست، چىرمىۋالدى قايغۇ - غەم. . .

كۆپ ئىزدىدىم مەن سېنى، قەدرىڭ بەكمۇ ئۆتتولدى،
ئۆلسەم بەلكىم يېزىلار، «يۇلتۇزسىز» دەپ قەبرەمگە.
يۇلتۇزلۇقلار كېرىلىپ، يۇلتۇزسىزلار پۈكلەندى،
ئارزۇلىرىم شۇ پېتى قېپقالارمۇ نەۋرەمگە. . .

ئۇرۇقۇڭنى ئۈنمەس قىپ سەپمىگەندۇ ئىلاھىم،
ئۈڭدىن چۈشۈپ بىر سۆيگىن، دەردلىك يۈرەك يېرىلسۇن!
مەنلا تارتاي ئازابنى، يەڭگىللەشسۇن گۇناھىم،
يۇلتۇزۇم بار دەپ ئاخىر ئەۋلادلىرىم كېرىلسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

## ئوسمانجان ساۋۇت

### ئۇۋا 1

سۆگەكلەردىن پۈتكەن تۆت تامغا
ئاپتاپ تۆكەر تومۇردىكى قان.
يورەك ماڭغال سوغۇق ئۇۋاڭغا،
كۆيۈپ تۇرار ئۇندا دائىم جان.

پېشانەڭگە، بولساڭ پەرىشتە،
پۈتۈلىدۇ جەزمەن بىر شەيتان.
بەخت دېگەن يۈرەر ئەرشتە،
ئۇنى ئىزدەپ بولىسەن سەرسان.

بىر بۇلۇڭدا تاڭ ئاتسا كۈلۈپ،
ئۈچ بۇلۇڭدا ھومىيىدۇ تۈن .
شادلىقىڭنى ھەسرەتكە بۆلۈپ،
چوغ بولمىساڭ، بولىسەن تۈتۈن.

خىزىر بولۇپ تېخى دۈشمەنلەر
ئىشىك ئېچىپ كىرىدۇ ئاڭا.
ئوتتەك يانغان ياقۇت گۈلشەنلەر
تۈيۈلىدۇ دوزاخ بوپ ساڭا.

تاغ يوْدۇسەن ئۈستۈڭگە شۇندا،
بولار تەڭرى ئەرلىككە گۇۋاھ.
قاقالمىسا ياخشىلار مۆڭغا،
تولارمىدىڭ شادلىققا ئۈۋا؟ !

## قوشۇلۇش

ئۇزۇن بىر كوچىنىڭ دوقمۇشى ئىدىم،
ئىككىمىز چاپمۇ چاپ ئۇچرىشىپ قالدۇق.
گوياكى پەرىنىڭ بىر چوشى ئىدى،
يايرىدۇق، سۆيگۈنىڭ سازىنى چالدۇق.

سەن گويا غۇنچىدەك ياقا يىرتمىغان،
چىقمايتتى ئاغزىڭدىن ئېيتقان سۆزلىرىڭ.
كۆڭلۈڭنىڭ ئەمرىنى ( سىرتقا چىقمىغان)
بايان قىپ تۇراتتى كېيىك كۆزلىرىڭ.

بىلىمەن، ئەيمەندىڭ ئايدىن شۇ تاپتا،
نېمىشقا چىقتىكىن ئۇ بوگۈن ئاخشام.
غۇبارسىز كۆڭۈللەر ئايان ئاپتاپتا،
چېقىلغان چېقىندۇر خۇمارلىق ناخشام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق كەچمىشلەر ئازمۇ ھاياتتا،
دىللارنىڭ رىشتىسى دەمدە باغلانغان.
بىزدىكى تۇيغۇلار ئوخشار شارابقا،
كۆمۈكتە كۆپ تۇرۇپ ئۇزاق ساقلانغان.

مەستخۇشلۇق ئىلكىدە تۇرساقمۇ دائىم،
باردۇر ئەقلىمىز، ياشايمىز ھوشيار.
تەقدىرنى يول ئەمەس،
قوشتى خۇدايىم،
سەن ماڭا، مەن ساڭا مەڭگۈلۈك دىلدار.

* *

دېرىزەمنى چېكىپ قالدى ئاي بۈگۈن ئاخشام،
مەندىن ئاڭا نېمە كېرەك، قانداق بىر سادا؟
زۇغۇيلارنىڭ كۆزى بىلەن ساماغا باقسام،
ئوت يۇلتۇزلار يىغىلىشىپ بوپتۇ بىر پادا.
يىراقلاردىن ئاڭلانماقتا ئۇنتۇلغان ناخشام،
دىل يايرايدۇ يايرىماسلىق بولغاندا ئادا.
پەرىشتىلەر ئۆتۈشمەكتە ئالدىمدىن رەڭدار
قاناتلىرى تېگەر تامغا، ھاۋاغا، جانغا.
ئەن سالىمەن ھەربىرىگە يول دەپ تەشرىپدار،

ئەن سالىمەن ئۆيلىرىغا تول دەپ جاھانغا.
سۆيگۈ يۇغان كەڭلىكلەردە مەن بار، روھىم بار،
يىلتىز ئىرۇر چۈنكى قۇياش ئەزەلدىن قانغا!
تۇرتۇپ چىقار تامىلىرىدىن خۇشبۇي ئارچىلار،
ئۆزىسىمان بۈيۈكلەرگە توقۇشۇپ داستان.
ياپرىقىدىن تەپچىرەيدۇ كەۋسەر تامچىلار،
ھەر بىرىدە چاراقلايدۇ بىر بىللۇر ئاسمان.
ئۆڭگەكلەرگە بىر قولىدا مىڭبىر قامچىلار،
تاغدەك ئېغىر مەنىلەرنى باغرىغا باسقان!
يولدا تاشلار جاۋاھىرغا ئايلىنار شۇندا
تاپىنىمدىن ئۆتەر يەل بوپ ياۋنىڭ ئەپسۇنى.
ئوغۇز سۈتتەك جاھان پەيدا يېگىدىن بۇندا،
ھەممىمىزنىڭ تىلىگىنى، مەڭگۈ مەپتۇنى.
قىڭغىر ماڭغان نىيەتلەرنىڭ مەنزىلى گۇندا،
بىزنى تاۋلار تاغ - داۋانىنىڭ بوران - چاپقۇنى.
چۆمۈلىمەن تۇيغۇلارغا ئۆمرۈمدە ھەر كۈن،
ئوخشاپ قالار ئەزىز كۆڭۈل ئاپئاق چېچەككە.
بولسا دەيمەن ئاق شولىلار ھەمىشە كەلكۈن،
زەھەر تىللار يۇگىلىپ شۇ تۇمور پېچەككە
يېشىلمىسە، تىل تىغىدىن ساق تۇرسا ئەلكۈن.
چوققىدىكى قارغالداقلار چۈشسە ئېتەككە.
دېرىزەمنى چېكىپ قالدى ئاي بۇگۈن ئاخشام،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

قالدى بەلكىم خۇي - پەيلىمنى بۇ قېتىم بىلىپ.
باسقۇن قىلغان ھوشلىرىمنى يىلىنجاپ ئىلھام
يول بەرمىگەن جاندارلارنى تىغىدا تىلىپ.
ئەي ئىزگۇلۇك سىنىڭ ئۇچۇن قولۇمدا زەر جام،
يۈرىكىمنى ئىشىكىڭگە قويىمەن ئىلىپ!
دېرىزەمنىڭ ئالدىدا تاڭ پەيتىدە
ياندۇ ئىككى يۇلتۇز،
ئىككى دۇنيا.
كۆيلىرىم
شېئىرلىرىم
سۆيگۈلىرىم
ياندۇ توختىماستىن
ئۇندا گويا.
ئۇ باشلاپ كىردى ئۆيگە پەرىشتىدەك،
قايغۇسىز،
تاپقا چۇشمەس ياشلىقىمنى.
مەن ئۇنى قۇچاقلىدىم،
سۆيۇپ كەتتىم
بىلدۇرۇپ ئاڭا مەڭگۇ
ئاچلىقىمنى.
ئېرىشتىم تىلسىمسىمان كەڭلىكلەرگە،
ھەر زەررە بۇندا بەلكى يارنىڭ تېنى.
ھەر قەدەم

بىر شادلىققا
ئىشىك ئاچۇر،
ئەي ئاجۇن،
دەردىڭ قېنى؟
غېمىڭ قېنى؟
ئېرىمە، ئەي يۇلتۇزۇم ، ساقىپ كەتمە،
تۆكمەستىن ھېسلىرىمنى قويۇپ ئالاي.
ۋاراقلىسام
كىتابىسەن
بەتلىرىڭدە
مەن بىلمىگەن
ھېكمەت بار
تالاي - تالاي.

## شېئىر بايرىمى

يەنە كەلدى شېئىر بايرىمىم،
ساڭا ئاتاپ شېئىر يازىمەن.
بىر جېنىمدىن مىڭ جان ئايرىدىم،
يۈرىكىمدىن گۆھەر قازىمەن.

مىڭ گۆھەر تاغ تاپسام بولۇپ تاغ،
بىر تىنىقىڭ تاپارمۇ بەدەل؟
بىر ئىزىڭدا ياسىسام مىڭ باغ،
قىلارمەنمۇ توققۇزۇڭنى تەل؟

چاندۇرماستىن ئاينى ئوغرىلاپ
يانچۇقۇڭغا سالدىم چۈشۈمدە.
ئويغاندىمۇ ھوشنى توغرىلاپ،
ھەيران قالدىم ھەيران، چۈشۈمگە.

جەننەتقۇشلار ئارچىدەك سۆرەپ،
يوللىرىڭغا كەلتۈردى جەننەت.
قورام تاشلار كالىدەك مۆرەپ،
شەپقەت سۈيى ئاققۇزدى رەت - رەت.

ئۇپۇق ئۇزرە يىغىلىپ رەڭلەر،
دېدى ساڭا سۆيگىنىڭنى ئال.
قانات يېيىپ پىكرىڭدە جەڭلەر،
يېشىلىنى تاللىدىڭ دەرھال.

بار گۈزەللىك مىسلى بىر دەريا
سەن تەرەپكە ئاقماقتا دەۋرەپ.
ئىسمىڭ ئامەت مۆھۈرى گويا،
تاشقا باسسام
تاغ كەتتى تەۋرەپ.
باردۇر چەكسىز تاڭلاردا ھەققىڭ،
شادلىق،

بەخت ۋەدىلىكتۇر ھەم.
قەيەر يانسا شۇ يەردە تەقىقىڭ،
تۇغۇلغان كۈن
مۇبارەك ئەركەم.

## تىۋىش...

تۈنلەر تازا قىزغىن پىچىرلاپ،
ئۆچۈرۈشنى بېرىدۇ ماڭا.
دېرىزەمدە يۇلتۇز جىمىرلاپ،
ئوخشاپ قالدى، دىلبىرىم، ساڭا.

يىراقلاردىن ئېقىپ كەلگەن نۇر،
چىرمىشىدۇ باغرىمغا دەرھال.
دىلدا كۆكلەم ياشايدۇ مەغرۇر،
يۈزلەر قىلار يېڭى ئاينى لال.

تىۋىشىڭ بىر تۈن تىۋىشىدە،
ئۇنى مەنلا ئاڭلايمەن پەقەت.
جەننەت ھامان پەرى چۈشىدە،
چۈشلىرىمدىن
چىقمايسەن ئەبەد.

## نۇج شېئىر

ئوسمان زاھىر

# سۈكۈتنىڭ بىر چېتى

ھېس قىلدىم تۈنجى رەت قەھەتچىلىكنى،
مۈشتۈمدەك يۈرەكتە قاتمۇ قات گۇناھ .
ئىچىمۇ، سىرتىمۇ كۆيگەن باھارگۈل،
ھېس قىلار تېنىمدىن ئەرلىكنى غۇۋا.

بۇ چەكسىز جەزىرە ئىدى گۈلىستان،
ياپراقلار يۈزىدە قاقاس مەنزىرە.
تاش ئاتتىم ، قاش ئاتتىم دوقمۇشتا تۇرۇپ،
نە ئۈچۈن دېرىزەڭ كۆزنىكى خىرە.

ئۆرتەيسەن ياپيېشىل جىلغاڭنى رەت - رەت،
ماھىيەت تۈن رەڭلىك قىزغا ئايلاندى.
گۈللۈكتە كېپىنەك چىمدايدۇ گۈلنى،
ئاۋازىڭ يۆگەكتە نۇرغا ئايلاندى.

تەزكىرەڭ بىھېساب ئەرنىڭ قولىدىن،
پۈتكەندۇر ياۋايى، مەزلۇم سىياقتا.
مەڭگۈ تاش تىلەيدۇ كۆلتېكىن خىشتىن،
باش سۆڭەك تولغاندۇر قاڭسىق ھاراققا.

تەلۋىلىك بۇ مېنىڭ ئىرادەم ئەمەس،
تىبەت قىلىچىدەك ۋالىلدار يۈرەك.
پويىزغا يامىشار كەلكۈندەك قاغا،
ئاچىدۇ رېلىستا يۈرەكلەر پورەك.

ئاپئاقسەن تەر بىلەن ئۆنگەن پاختىدەك،
گۇناھنى خاتىرىلەر ئوڭ - سول پەرىشتە.
ئاخشامقى قىزچاقنىڭ قوپال بارمىقى،
ئۈپىرغان تېنىمگە توقۇيدۇ كەشتە.

## يېڭى پەرىشانلىق

قېرىيمەن سائەتنىڭ چىكىلدىشىدا،
ياشايمەن قايرىلغان تىغنىڭ ئۇچىدا.

قومۇل

مۇلايىم، سەۋرچان ئىستىرىلكاڭدا
مەشئەلدەك يانىدۇ ئەركەكنىڭ كۆزى.

قار ياغدى. . . ئېتەكلەر ئەخلەتخانىدەك،
يىغىدۇ تېزەك ھەم مەينەت ﺑﯘﻛﯜﺗﯩﻨﻰ.

غۇرۇرسىز يوپكىدا تۇزۇپ كەتتى گۈل،
يات بىر قول جۇملەمگە قويار چېكىتىنى.

كۆڭۈلگە سىڭىنار بىر - بىرلەپ قۇلۇپ،
قاچىمەن ئۆزۈمنىڭ كۆلىبىسى تۇرۇپ.
يۇمشاق باش بىر ئەرنىڭ قوللىرىدىكى
ئاخىرقى ئىمكانمۇ قالىدۇ قۇرۇپ.

قەبرەڭگە مېنىلا قىلغۇال بېزەك،
ئەي ئىستەك يولىدا ئۆلگەن يولۇچى.
قېنىمغا لىق تولدى پۇچۇق پىيالە،
ئازابلىق بىر سۆزدە تىلىمنىڭ ئۇچى.

ئۇنتۇيمەن تۇيۇقسىز ئىشخانامدىكى
قىيسايغان گەۋدىنىڭ ئۆزۈملىكىنى.
يىرتىلغان ئورگىنال يىغلايدۇ مۇڭلۇق،
قېشىڭنى تېرىۋەر، ئەجنەبىي گۈلۈم
دەپ بېرەي بەزمىنىڭ تىزىملىكىنى.

كۆكلەيسەن غەم بىلەن، سەۋرچان يۈرەك،
بۇ جايدا ئىلماندۇر قىزلار جىلۋىسى.
ئۇنتۇلغان ئىپپەتنى قىلىدۇ كۆرەك،
دوختۇر ۋە نىقابلىق قىزلىق پەردىسى.

ئەتلەس ھەم دوپپىلار ئەۋرەز يولىدا
بىر - بىرلەپ چۈكىدۇ قارا قۇياشتەك.
ئەي ئۇجمە، ئېسىلىپ قاقشال شېخىڭغا،
بوگۈن كەچ يىغلايمەن ئىچىڭ پۇشقىدەك.

## جىمجىت قان

چىلگەڭنى دەيمۇ يا ئالمىلىرىڭنى،
تېشىدا ھېيت ئويناپ يۈرگەن، ئالمىخان؟!
چاقىدۇ تۇيۇقسىز جانان چىنەڭنى،
پولدار بىر ئەردىكى تەلۋە ھاياجان.

ئېرىشىپ قالىسەن بىر ئىتەك غەمگە،
ئىچىڭدە بىر ھەۋەس چالىدۇ پۇشتەك.
قاينايمەن قازاندا قاينىغان چايدەك
قىرقىلغان ساقال ھەم قىرقىلغان غۇرۇر
دىلدىكى ناخشاڭنى ئېرىتەر مايدەك.
ئۇزاتقىن، بولدىلا، چىت كۆڭلىكىڭنى،
بىر - بىرلەپ سىلايمەن توگمىلىرىڭنى.

جان كۈندە چېچەكلەر ياڭاق گولىدەك،
نازۇكتۇر مەندىكى دەز كەتكەن يۈرەك.

غۇنچىدەك بويۇڭنى قىلار ئىپادە،
ئەلەمدىن يىگىلەپ قالغان بۇ قەلەم.
قوغۇندەك يېرىلىپ كەتتى كالپۇكلار،
يېڭى بىر ۋەھىمە يېقىنلار بۇ دەم.

ئالدىمدا ئولتۇرغان كومپيۇتېرنىڭ،
تۇيۇقسىز قارىيىپ كېتىدۇ يۈزى.
تىترەيدۇ ساقىلى غېرىب دەرۋىشنىڭ،
چولاقتام تۈۋىدە سادىرنىڭ ئىزى.
تالاي رەت ئالما قىپ ئويىندى سېنى،
ئىشرەتخور زامانىنىڭ تەلۋە قوللىرى.

بىر ئەسىر چۆچەكتە ياشىدىڭ، موما،
بىر ئەسىر تانىسىدا ياشايسەن، قىزىم.
بىر قۇرت لۆمۈلدەر يۇمران تېنىڭدە،
ئاشۇنداق ئۆزگىرەر O تېپىلىق قېنىم.

ئۆمەرجان سدىق (مىسكىن)

# ئايال

شەكىلسىز زىندانىنىڭ گۈندىپىيىسەن،
رايىش ئەر
سېنىڭ مەھبۇسۇڭ.
تۇزۇمىلەر پورەكلىگەن كىچىك دۇنيادا
تەنتەنە قىلار تەنھا نوپۇزۇڭ.
سولىياۋ كەبى ياسالغان يۈزۈڭ
ساختا تۇيغۇلارنى قىلىدۇ جەۋلان.
مەنپەئەتىڭنى چىشلەپ چۇمۇلە
يىرتىلسا نىقابىڭ
كۆزۈڭدە تېپچەكلەيدۇ ۋەھشىي ھاياجان.
مۇلايىملىقىڭ
ۋرى.
قاغجىراق قەلبلەرنىڭ سىم - سىم يامغ
لىكىن
ئۇنىڭدىن باشلانغان دەھشەتلىك توپان
ۋەيران قىلار ھەتتاكى نوھنى.

يىپپېڭى گۈلستۇك، پاك - پاكىز پايپاق
سېنىڭ غۇرۇرۇڭ.

رەڭدار لىباس ئاستىدىكى ساختا شۆھرەتلەر
پۈتمەس ھۆزۈرۈڭ.

زەنجىرلەنگەن پىرومىتى
ئوت ئوغرىلاش ئۈچۈن ئىنتىلەر سىرتقا.
سەن كۈنداشلىقنىڭ باياۋىنىدا،
ئايلىنىسەن شۇ مىنۇتلاردا،
كۆسۈكقا كىرگەن غالجىر بىر ئىتقا.

## مىسكىنلىك جەۋلانى

چاپماقچى بولۇپ مىسكىنلىكمنى
قانسىز جىسمىمغا ئۇردۇم شەمشەرنى.
ھەر بۆلىكمدە بىر مىسكىن يۈرەك
ياساپ چىقتى چەكسىز مەھشەرنى.

ئۇندا كۆيەر رەھىم لاۋۇلداپ،
ئۇچۇپ چىقار يالقۇندىن ئەنقا.
خاسىيەتلىك قانىتى بىلەن
مەجرۇھ يۈرەكلەرنى
سىيپاپ ئۆتەر تىۋىشسىز، بوشلا.

ئاھ، ئازاب سۈيىدە ياشىرىدۇ جان،
مىسكىنلىكتىن جۇشقۇنلايدۇ قان.
مەن ئەنقانىڭ ئۇنتۇلغان پېيى،
ياساپ چىقىمەن ئۆزۈمنى قايتا.
شەمشەر، ئوت، تامچىلىغان قان،
ئوربىتامدا ئايلىنار ئاستا.

مىسكىنلىكىم جەۋلان قىلار ئەبەدىي،
ئادەملىكىم تىپچەكلەيدۇ ئەسەبىي.
ناھات، قېنى مەن سۆيمىگەن قىز؟ !

## روھ قۇشى

خوش دېمەيمەن ساڭا ئەي باھار،
كەتسەڭ يەنە كېلەرسەن چوقۇم.
پەيلىرىڭدىن توزۇغان ئاق قار
بولار مېنىڭ ئاداققى ئوقۇم.

ئاتتىم ئوقنى، يىقىلدىم ئۆزۈم،
بۇلدۇقلىدى كۆكرىكىمدىن ياش.
ئىمانىڭغا ئايلاندى سۆزۈم،
مەسخىرەڭدىن قارايدى قۇياش.

سوۋۇغان تەن ئۇچۇردى قۇشنى،
ئۇ سايرايدۇ كۆكسۈمگە قونۇپ.
چالغىتمىغىن ئىمكانسىز چۈشنى،
ئاھ، سىلاپ قوي بېشىنى تونۇپ.

خوش دېمەيمەن ساڭا ۋە لېكىن،
خوش دېيىشكە مەجبۇر ئۆزۈمگە.
قەپىسىڭگە مىخلاندى روھىم،
سەنمۇ قۇچاق ئاچقىن ئۆلۈمگە.
پۈشتەك چالغىن مەھشەر كۈنۈمگە.



ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

## جانان ھىدى

كۆزلىرىمنى تېشىپ ئۆتكەنچە،
ياش قەلبىمدە توختاپ قالىدۇ
ۋۇجۇدۇڭدا پىلدىرلىغان گۈل.

پىژ - پىژ قىلار مەندە بىرنەرسە،
گۇپ - گۇپ قىلىپ چېچىلغان چېغىڭ.
تولىمەن تامچىلاپ ئىسمىڭغا شۇندا
تۆكۈلىمەن سۆيگۈ تونىگە،
سىمىلداپ،
سىمىلداپ. . .
توشۇپ كەتتى خاتىرەمگە سۇرەتلەر،
ئۆچۈرۈپ كۆڭلۈمدىن ئۆگكۈر پەسلىنى
كەلگىنىڭدە بىر دەستە نۇردەك.
قار بوۋايدەك ئېرىپ مىچچىدە،
سۇيۇقلىنار جىنىم تېنىمدە
. . . گە قوشۇلۇش ئۈچۈن.

ھاياتىمغا بېغىشلار باش قۇر
سەندە چاپچىپ تۇرغان ئاداققى ھۇزۇر!

## خەت

بىز لىرىكا قېتىدىرىپ،
لىرىكا بىزنى قىچقىرىپ،
ئۆچراشتۇق ھەقىقەتكە قەلەم تۇۋىدە.
تۆكۈلدۇق ھەرپلەرگە
بەك ئۇزاق،
بەك ئۇزاق. . .
غايىب بولغاچ تالاي مۆجىزات،
مۇشۇ كۈندە چۆللەرلا ئەمەس
كۆپ نەرسىلەر كەتتى قاغجىراپ.
ىىراق بىزنىڭ يۈرەكلىرىمىز،
يېنىنى قۇم باسقان ۋاقىت چۆلىدە
توغراق كەبى تۇردى ياشىرىپ.

ئەنە كۆر، قەلەمدىن مەۋجۇتلۇقىمىز
تېشىپ چىقتى تۇيغۇلارغا،
بولدۇقلاپ،
بولدۇقلاپ!

## شېئىر دەۋرى

غۇڭۇلدايدۇ رەقەملەر
قولىقىمنىڭ بوسۇغىسىدا،

سۆيگەندەك قاراقچى يولدىكى قىزنى
ياشلىرىمنى ئالدۇ سۆيۈپ،
ئۇندا شاخلاپ تۇرغان تۇمەن لەۋ.

ئېچىلاي دەپ قالغان بىر تىل غۇنچىسى،
كىرىپ كېتىپ دېڭىزغا،
ئېچىلماقتا ئىككىنچى قېتىم
ھېساب بولۇپ لۇغەت سىرتىدا.
سۆيۈقلىنىپ بىر جانان،
توشتى چانقىمغا تارامىلىغانچە.
توپاندا كۆرۈنمەي قالدى تۇغلىرىم،
ئۆرۈلدى
يۈرىكىمدىكى بىر مۇنار!

ئۇلۇغۋار غېرىبلىق پەيزىدە تەنھا،
سوراپ يۈرەر قەلبىمنى.
ۋە قەلبىمدەك كەڭ، باي جاھاننى
شېئىر دەۋرى. . .
ئاۋارىدۇر، ھامان ئاۋارە،
ئېسىپ كۆزلىرىگە بىر پۇچۇق تەڭگە.

# ئۈچراشماستا سەن بىلەن

ئۆزۈم يالغۇزلا
ئوۋلىغانتىم تاغدا شىرنىمۇ
ئۇچراشماستا سەن بىلەن.

مورامدىن
بۇنىڭدىن بەكرەك چىقاتتى تۈتۈن،
ئۇچىقىمدا ئۈزۈلمەيتتى چوغ
ئۇچراشماستا سەن بىلەن.

ئىشىكمنىڭ ئالدىدىلا
دەرەخكە سانجىلىپ ئوينايتتى كۈن، ئاي،
چىچەكلەيتتى ئاسمان مۇشۇ تۈندىكىدەكلا
ئۇچراشماستا سەن بىلەن.

ئىگە ئىدىم ئۆزۈملا
ئۆيۈمدىكى ئامەت قۇشىغا،
چاپلاشمىغان بۇرجىكىگە خىياللىرىمنىڭ
دۇتارىمدىن بۇقۇلدىغان مۇڭ
ئۇچراشماستا سەن بىلەن.

## جىنازىدا

ئەقىدە يوق، ھەسەت يوق
ئادالەت يوق، جاھالەت يوق
جىنازىدا.
يۇرتۋازلىق يوق، مىللەتچىلىك يوق
ئېتىقاد يوق، ئالدامچىلىق يوق
جىنازىدا.

تىنچ بولار قولىقىڭ پەقەت
جىنازىدا.
بىر ئەۋلادقا يېتىپ ئاشقۇدەك
ھەسرەتلا بار جىنازىدا. . .

## قىزىم سىزغان رەسىم

قولى يوق
پۇتى يوق
كېتىپ بارار ساقىلى بىلەن
بىر باش رەسىمى
قاناتقىمۇ ئوخشايدۇ
تۈت بولۇڭلۇق شاكىلاتقىمۇ.

www.uyghurkitap.com

رەسىمگە جان قاچىلاۋاتقان
سۆكۆتتىكى سىزىقچىلار ئۆچرىشىشى.

كۆزەينىكى خەرىتىدىكى ـ
شەرقىي ھەمدە غەربىي يېرىم شار
ئىككى كۆزى ئارىلىقىدا
ئويناپ يۈرەر مودېرنىزم.

ۋاھىتجان ئوسمان

## مەن پادىچىنىڭ قولىدىكى نەي

مەن پادىچى تازەكىنىڭ قولىدىكى نەي،
ئىلاھىي بىر جان ياتار تېنىمدە
پارا غەت سوزۇپ تەرلەپ - تەپچىرەپ.

مەن پادىچى تازەكىنىڭ قولىدىكى نەي،
باياۋاننىڭ ئەڭ تەنھا چاغلىرىدا
تەڭشىۋالىمەن مىجەزلىرىمنى.
ئاھ باياۋان،
تەڭرىنىڭ قەلبىگە ئوخشايسەن ئەينى،
ئەگەر ئۆتكۈنچى مەلىكە كېلىپ
كۆڭلى چۇشۇپ قېلىپ تازەككە
باشلاپ ماڭسا شەھەرگە ئۇنى،
ئېلىپ قالارسەنمۇ باغرىڭدا مېنى؟

مەن پادىچى تازەكىنىڭ قولىدىكى نەي،
باياۋان بورىنىنى يەپ ئۇنۇم پۈتمەيدۇ.
ئۇنلەپ تۇرغۇم بار مۇشۇ يەردىلا،

چۈنكى خۇلقۇم - مىجەزىم ھامان
باشقا يەرلەرنىڭ ئىقلىملىرىغا
ماس كەلمەيدۇ!

## ۋاز كەچتىم

ۋاز كەچتىم ئۆزۈمدىن
قاڭقىپ چىقىپ قۇشلار دىلىدىن
يىراقلىشىپ كېتەي ئورمانغا
كىرىپ قالغان چەمبەر شەكلىگە
ئادەملەرنىڭ مەھكۇم تىلىدىن.
ۋاز كەچتىم
رىتىم بويلاپ ماڭغان قەدەمدىن
قۇرتقا ئوخشاش مىدىرلاپ تىنماي
تېپىپ يېگەن مىڭ تەكرار تەمدىن.
ۋاز كەچتىم
سۆكۈت تورلاپ كەتكەن خانەمدىن
خىياللارنىڭ دوقمۇشلىرىدا
مېنى ساقلاپ تۇرغان ماتەمدىن.
قاڭقىپ چىقىپ قۇشلار دىلىدىن
ۋاز كەچتىم
ئۆزۈمدىكى بەندىلىكنىڭ قېنىدىن. . .

ئىبراھىم نىياز

## ئۇنتۇپ قالدىم سېنى، ئەي دۇنيا

ئۇنتۇپ قالدىم سېنى، ئەي دۇنيا،
سەكپارە بولۇپ كەتكەندە كۆڭلۈم.
پۈتكەنلىرىڭ ئاشۇنداق بولسا،
بەربىردۇر ھايات ۋە ئۆلۈم.

تېنەپ يۈرسەم دوقمۇشلىرىڭدا،
كاچاتلاپمۇ ئۆتتۇڭ نەچچە رەت.
يۈرىكىمنى بەرسەممۇ يېرىپ،
پېشانەمگە يازدىڭ شور قىسمەت.

ئۇنتۇپ قالدىم سېنى، ئەي دۇنيا،
بەربىر دەپ پۈتكەنلىرىڭنى.
ئۆلۈم خېتى يازساڭمۇ ھەتتا
بىرەلەيمەن كۆتكەنلىرىڭنى.

# ئۇنتۇغاقلىق كېسەللى

ئۇنتۇش ئەسلى ئىدى جىنايەت،
يۇقتى ئەمما ماڭا بۇ كېسەل.
ئۇنتۇغاقلىق سالغانچە گىرە،
يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئەجەل.
يادىمدا يوق بوۋام سىماسى،
ئۇنتۇپتىمەن كەچمىشلىرىمنى.
كىملىكىمنى بىلمەيمەن ھەتتا،
خەق بىلسىمۇ ئىچكى سىرىمنى.
جاھان قانداق؟ زەررە غېمىم يوق،
بۇگۈنىنىلا بىلىمەن پەقەت.
ئۆتمەكتە كۈن، كاللام قۇپقۇرۇق،
رام قىلالماس ئەتكى قىسمەت.

ئەسلىسەمۇ كەچمىشلىرىمنى،
ئاشۇ كېسەل ماڭا ھۆكۈمران.
ماغدۇرۇم يوق مەتۇلار سىياق،
بولسامۇ گەر شۇنچە نەۋقىران.

ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى ئاخىر،
مۇشۇ ھالغا قويدى چۈشۈرۈپ.
بۇ قىسمەتنى كۆرىمەن كىمدىن،
ئۆزۈم تاپقان تۇرسام ئۆكۈنۈپ. . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## شېئىرلار

ئىلغارجان سادىق

### نۇرۇڭۇمغا

1

ئالدىمدا
يۇگۇرىدۇ سېنىڭ تىنىقلىرىڭ
ئىزلىرىڭدا
قېتىپ قالغان ياش.

2

سۆيمەك بولىدۇ
پەسلەپ سېنى
باھار شاماللىرى
سەن
كەتتىڭ سىڭىپ
يەرگە.

3

سارالڭ شامال
ئۇچار
ئىزدەپ سىنى
جەننەتتىن.

## تەگرىگە يېزىلغان شېئىر

1

ئېچمۇەت
ئاسمىنىڭنىڭ روجەكلىرىنى
تېپىۋالاي
يىتتۈرگىنىمنى.

2

مەن ياتمەن بۆشۈكۈڭدە
تەۋرىتىدۇ ئاي.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3

مەن ئىزدەيمەن
ئۇپۇقتىن سېنى.
سەن ئىزدەيسەن
بوشلۇقتىن مېنى.
ئارىلىقىمىز كەلمەس غېرىچچە
نېچۇن
ئۇچراشمايمىز تېخىچە.

## ھەقىقەت

كۆرىمەن
نەپەسلىرىڭنى چۈشلىرىمدە.
سەن
چۈشلىرىمنىڭ كۆلەڭگىسى.
شاماللار
تەۋرىتىدۇ ئۇنى
ئەللەي ئېيتىدۇ ناخشىلىرىدا
بوشلۇقۇمنىڭ ئۈستىگە
ئېسىپ قويۇپ
يۇلتۇزنى.

## كىچىك كۆيلىرى

ئىلھامجان ئابلىز

مۆگدەپ قالغان دەريا شاۋقۇنى،
بوغۇزۇمدا ئۇنلەيدۇ گويا.
ئۆلۈپ قالسا ئەبەدىيلىك ئەس،
پەقەت مەنلا بولغاندەك گۇۋاھ.

* *

دۇنيا
پارچە - پۇرات ئەستىلىك ئەمەس،
ئەبەدىيلىك باشلىنىشلارنىڭ
چەكسىزلىككە چېچىلىشى، بەس.

* *

ئەلمىساقتىن تا بۇگۈنگىچە
ياسىماققا تۇتۇندۇم ئىلاھ. . .

* *

قارنىڭ مەيىن جىملىقى ئارا،
چۈمكەلمەكتە قۇشلار ئاۋازى.

قوش قانىتى چوشلەر كۆلىگە،
تۆكۈلمەكتە يوپۇرماق بولۇپ.

* *

سەھەردىكى يايىسىمان قوياش
دېڭىز بىلەن كېسىشكەن جايدا
مانانلارغا ئورالغان بالا
ئۈزىماقتا دېڭىزنى سۆرەپ.

* *

ئېچىلماقتا لىفت ئىشىكى
ۋوگزالدىكى ناتونۇش لەۋدەك.
زېرىكىشلىك خوشلىشىشلاردا
ئۆكۈپ كەتكەن بالىدەك پۇرسەت.
رەستىدىكى قاتقان قەدەملەر،
ھەم ئوندىكى يېگانە قوياش.
سوكۇت كەبى كەتكەن چېچىلىپ،
ۋاقىت ئۇچۇن سوزۇلغان ئۆچىرەت.

* *

بىراۋ بىلەن تويغۇم دوئىلدا،
زەرب بىلەن سىلكىشسە قىلىچ۔
بىسلىرى دەل كېسىشكەن جايدا
كۆلۈمسىرەر ماڭا پەرىشتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# لىرىكىلار

## ئىمىن ئەھمىدى

### بوز تورغاي

بۇ پايانسىز دالاغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساڭ، كۆزۈڭگە بىرەر - يېرىم پارچە كۇلەڭگىمۇ چېلىقمايدۇ. ئەتراپتا نە دەل - دەرەخ بار، نە ئوت - چۆپ. ناگان - ناگاندا زەڭگەر رەڭ ئاسماندىن سەن تۇرغان جايغا غىل - پال سايە تاشلاپ پۇر قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتكەن ۋە سېنى ئىنتايىن شادلاندۇرۇپ يېقىملىق سايرىغان بوز تورغاينىلا كۆرۈپ قالىسەن، خالاس!

*— ليۇ بەيیۇ: «زېمىن قەلبى» دىن.*

ئاھ، مەن ماشىنامنى يولنىڭ بويىغا
توختىتىپ ھاردۇقۇم ئالسامغۇ بولغاي،
ۋەج شۇ ئىرغىتىپ پۇركەنجىسىنى
تاڭ لىباسى كىيىمگەن چەكسىز سامادىن
چۇ - چۇ قىلىپ سايراپ ئۆتتى بىر تورغاي.

تېخى گۇگۇم ، ئۇپۇق بېلىق كۆكسىدەك
بىلىنەر - بىلىنمەس ئاقىرىۋاتقان چاغ.
تەبىئەت قارامتۇل شايى پەردىدە
غۇۋا كۆرۈنەتتى يىراقتىكى تاغ.

غۇيىىدە بىر شەپە، بەلكى بايىقى-
ئۇيقۇغا بىھەمدەم بىردىنبىر ئاۋاز-
ئىگىسى بوز تورغاي ئۇيغاتتى يەرنى
يېڭى مېھنىتىگە چېلىپ يېڭى ساز.
زەن سالدىم ئۇ خۇددى سەپەردىن شەرەپ
تېپىپ، چاك يېپىنىپ يانغان جەڭچىدەك،
ئۇ خۇددى مەخسۇسلا ھەممىدىن بۇرۇن
سۇبھىدىن خۇش خەۋەر بېرەر ئەلچىدەك.
ئالەم بوشلۇقىنى قىلىپ كەك سەھنە
ئۆز ئۇسۇلىدىن شاد ماھىر سەنئەتكار-
كەبى گاھى ئۆرلەپ، گاھى پەسىيىپ
بۇ دولقۇنلارنى قىلدى بىقارار.
نازۇك قانىتىنىڭ ھاۋانى كېسىپ
شارت - شۇرت ئۆتۈشلىرى تەڭكەش مۇقامغا.
تېنىگە سىزىلغان ئاددىي كەشتىنى
دېسە بولىدۇ ئىنسان يازالماس نوتا.
ئۇنىڭ يېقىملىق ئۈنى چەكتى دىلىمنى
ئىمتاس بولۇپ قالدى تاڭغى سادالار.
بۇ ئوتلۇق يۈرەكنىڭ جۇشقۇن كويلىرى
ئالدىدا لال ئىدى بارچە ناۋالار.
يۈز بەردى كارامەت: نازۇ كەرەشمە
بىلەن جادۇ كۆزىن قىسىپ كېچىگە -
ھاكىم بولغان سوغ يۈز بارچە يۇلتۇزلار.

www.uyghurkitap.com

ئۇ يىرتىپ رومالىن يۆگىگەن پېتى
ئۇن - تىنۇش چىقارماي قاچتى يىراققا.
ۋە شۇئان ئۇيقۇدىن غالىب ھەۋەسلەر
قۇياشنى قوزغىلىشقا ئەيلىدى مەجبۇر.
ئېرىنىپ ئۆرلىدى ۋە تۇنجى بولۇپ
ئانا يەر ئۈچۈن نۇر چاقىرغان قۇشنىڭ
رۇخسارىدىن كۆردى تەڭداشسىز غۇرۇر.
مەن ئاڭلىغانىدىم، سەبىي چېغىمدا
تورغاي پەزىلىتىدىن مۇنداق رىۋايەت:
ئۇنىڭغا جەبرائىل ئېيتقان ئىكەنمىش
ئادەم بەختىنىڭ كىچىك* يېرىمى يەردە
لېكىن چوڭ يېرىمى يۇلتۇزلاردا دەپ.
شۇ سەۋەب ئۇ ئىنسان كەلگۈسى ئۈچۈن
بەخت تېپىپ بېرىشكە باغلاپتۇمىش بەل.
ئۇنى ئازدۇرالماپتۇ ھەرنە ئاپەتلەر
قار- بوران، سوغ مۆلدۈر ۋە ياكى ئەجەل.
ئۇ كۈندۈز دالادىن يىغىپ يەپ ۋە چاچ
شاخ - شۇمبىلاردىن ياسارمىش شوتا.
كەچقۇرۇن زەر چېچەك ساماغا بالقىپ
مەغرۇر نەزەر سالغان چاغدا تورغايغا.
ئۇ نۇرلۇق يۇلتۇزنى يېقىن دەپ بىلىپ
شوتىنى كۆتۈرۈپ ئۇچارمىش كۆككە.
مەقسىتى ئىنسانغا ئېچىش داغدام يول

پىسەنت قىلمىغانمىش ھەرنە زور يۈككە.
زېمىن ئۈستىدىكى ھەرنە مەۋجۇدات
ئۈيقۇ دەرياسىغا بولغىنىدا غەرق.
پەقەت بوز تورغايلا جەڭگە ئاتلانغان
جەسۇر جەڭچى كەبى ناخشا ياڭرىتىپ
ئۇچارمىش تاڭ يوروپ قىزارغۇچە شەرق.
شۇ مەھەل يۇلتۇزلار، تىلسىملىق ماكان
كۆرۈنمەي قالارمىش تورغاي كۆزىگە،
ئۇنىڭ شىجائىتىدىن قاچارمىش يىراق.
بۇ قورقۇنچاق بەخت، قورقۇمسىز قۇشقا
بېرەرمىش ھەر كۈنى يېڭى ئىشتىياق.
ئۇ، تېخى ئىنسانغا ياسىغان يولۇم-
شوتا، پەلەمپەيلەر قىسقا دەپ بىلىپ
يېڭى بىر كۈندۈزدە ئالمايمىش ئارام.
قەسەم - ناخشىدىن قانارمىش تىلى
ئاقارمىش كۆزىدىن ياشلىرى تارام. . .

مىليارد يىل ئۆتتى، كۆپ ئەسىر ئۆتتى
بوز تورغاي سۆزىدىن يانمىدى زىنھار.
ئۇ پۇشايمان يېمىدى قىلغان ئىشىدىن
ئەكسىچە ھەر سەھەر پۈتۈن جاھانغا
چۇ - چۇلاپ قەلبىنى ئەيلىدى ئىزھار.
چۈنكى ئۇ ئۆزىنى، ئەمەس ئىنساننى

يەتكۈزمەكچى بولدى يۇلتۇزغا - ئايغا.
ئۇ زېمىن ئۈستىدە بەخت دەپ چېلىشقانلارنى
باشلىماقچى ئالتۇن سارايغا.
ئاقىۋەت ئۇ كۆردى باشقىلارنىڭ ھەم
ئۆزىدەك تىرمىشىپ تۆككىنىنى تەر.
ئاقىۋەت شادلىقتىن ئويناتتى قانات
سالام ئەي ئۇستاز، دەپ كەلگەندە خەۋەر.
ئاقىۋەت ئۇ كۆردى ھاۋا كېمىسى
سۈنئىي ھەمرالارنىڭ يۇلتۇزغا قاراپ
كۈمۈش مانانلاردەك چىقىرىپ ئاق ئىس
ئۇچۇپ ماڭغىنىنى ھەيۋەت ۋارقىراپ.
كىم ئىنكار قىلىدۇ ئۇنى ياسىغان
ئاشۇ ئالىم، تېخنىك، ئاشۇ ئىنژېنېر
ئاشۇ ئىختىراچى، ئاشۇ ئىجادكارنىڭ
ھەر قەدىمىدە تورغاي ئارزۇسى
ئۇلارنىڭ ھەر تامچە قېنى ئىچىگە
سىڭگەنغۇ ئەزەلدىن تورغاي قايغۇسى.
كىم ئىنكار قىلىدۇ پىلانىتا ئارا
سەير قىلغان كىشىلەر ئاۋۋالدىن - ئاۋۋال
تورغاي تەسەۋۋۇرىدىن ئالغىنىن ئەنداز.
مەن ئەلۋەت ھېچكىم رەت قىلالماس يۈكسەك
ئاۋازدا ئالەمگە قىلىمەن جاكار:
تورغايدەك ئۇستازنىڭ بىلىم تارقاتقان

چۇ - چۇلىرى بولغاچ ئاشۇ باتۇرلار
ئاندىن قىلالىدىغۇ ئاسماندا پەرۋاز. . .
ئەي دوستۇم،
ساۋاقدىشىم،
ئۆمۈر ئامرىقىم
سەن ئېتىز - ئېرىققا، يولغا، چۆللەرگە
يانتاق تۈۋىلىرىگە، شورلۇق جاڭگالغا
بوگۇن بىز تۇرغان مۇشۇ بىنانىڭ
ئۆتمۈش چاڭ - توزانلىق مەيدانلىرىغا
ئەقىل - پاساھەت بىلەن تاشلىغىن نەزەر.
شۇ جايدا كۆرىسەن، ھېلىقى تورغاي
ئۈستىدە زەڭگەر ئاسمان، مەيدىسى ئۈنىڭ
چىڭ تېڭىپ ياتقىنى سۆيگەن ئانا يەر.
ھېلىھەم ئۇ كۈندۈز كەلگۈ غېمىدە
كەچلىرى سامانىڭ قەھرىگە بېقىپ
ئىنسانغا بەرمەكتە يۈرەك ئوتىنى،
ئۇ شاگىرتلىرىدىن ئوخشاش سەپەرگە
يەتكۈزۈپ بەرمەكتە مەردلەر توپىنى.
تورغاي، ئاھ تورغايلار ھۆسنى توپارەڭ
تۇرغىنى - پۈتكىنى توپا رەڭگىدە.
ئۇڭا تەقدىر قىلماپتۇ ياقۇتلار ئىنئام
تەبىئەت بەرمەپتۇ ئۆزگىچە چىراي
يوق، كۆز قاماشتۇرار جايلار ئەڭنىدە.

نەچچە مىڭ ـ نەچچە مىڭ چاقىرىملار ئۇچۇپ
ئاق باش تاغ ئۈستىدىن ئالماپتۇ ئورۇن.
بەرچىنار، شەمشادلار ئۆزرە قونماپتۇ
گۈلىستان ياپماپتۇ گۈللەر كەبى تون.
شۇنچىلىك ئەقىلگە غايىگە تولغان
ۋە لېكىن باغلاردىن، ئاۋات شەھەردىن
كاھىشلىق ئۆيلەردىن تاپماپتۇ ئوردا.
بىساتى ئەخلەتتىن ياسىغان كەپە
ھاياتى ئۆتۈپتۇ باشقىغا بەخت ـ
بېرەر يول ياساي دەپ جەڭلەردە، يولدا.
ۋە لېكىن تۇغقان يەر ئۇنىڭ بېشىغا
شۇ يەرنىڭ توپىسىدىن كىيدۈرۈپتۇ تاج
ھە ئۇنىڭ تاجى بار، تەختكە مەيلى يوق.
ئۇ رازى ئۆزىنىڭ مەجنۇنلۇقىدىن
مەيلى يېنىدا ھەمراھ گۈزەل لەيلى يوق.
مەن تاجى بار قۇشنى كۆرگەنمەن تولا
ياپچىۋەك تاجى بار، گاھى دەرەخكە
يامىشىپ ئۆزىنى ئالىي دەپ سانار.
كۆرگەنمەن تاۋۇسنى، ئۇمۇ مەرمەر تاج ـ
ۋە مەغرۇر قۇيرۇقىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ
توپا تاجلىقلارغا مەنسىتمەي قارار.
مەن تاجلىق قۇشلارنى كۆرگەنمەن تولا

ئېھتىمال ئۇلار بۇنى ئوغرىلاپ كەلگەن.
پەقەت بوز تورغايلا ئەزىز ئەجرىدىن
ئانا يەر تەقدىم قىلغان تۇپراق رەڭ تاجنى
ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ئارزۇدا يېنىپ
دەسلەپكى قەسىمىن ئۇنتۇغىنى يوق.
مەن يەنە بىر مەرتە قىلىمەن جاكار:
مەن سۆيگەن تاجلىقلار، تاجسىزلار ئارا
بۇ سەھەر بۇ جايدا كۆرگەن تورغايدىن
زەررە ئېشىپ چۈشەر ئۇلۇغراقى يوق.

ئاھ، مەن ماشىنامنى يولنىڭ بويىغا
توختىتىپ ھاردۇقۇم ئالسامغۇ بولغاي.
ۋەج شۇ ئىرغىتىپ پۈركەنجىسىنى
تاڭ لىباسى كىيمىگەن چەكسىز سامادىن
ئوقتەك ئېتىلىپ ئۆتتى بىر تورغاي. . .

## ئاسمانلار، تاغلار

يەنىلا ئۈستۈڭدە پەقەت بىر ئاسمان،
ئالدىڭدا بىر تاغ دەپ بەزلىمە مېنى.
ئاسمانىڭ ئۈستىدە ئاسمان بار ئىكەن،
تاغلارنىڭ كەينىدە تاغلار بار ئىكەن،
بۇ نۆۋەت سەپەرگە بىللە ئاتلىنىپ،
ئەيىۇھەنناس! دېگۈزسەم بوپتىكەن سېنى.

ياخشىسى ئەگىشىپ ماڭماپسەن جانان،
بولمىسا تەئەججۈپ ئىلكىدە ئاغزىڭ –
ئېچىلغانچە قالار ئىكەن يۇمۇلماي.
ۋە شۇ چاغ دەركىنىسەن: ئەجەپ قىپتىمىز،
بالدۇرراق كۆرسەككچۇ يۇرتنىڭ سىرتىنى
نادانلىق، قانائەت بىلەن بوغۇلماي.

راست شۇنداق، مەنمۇ ھەم مەھەللىمىزنىڭ –
ئالدىدىكى تاغنى چۈشۈردۈم ئەسكە.
سەبىي چاغدىلا ئۇ يۈرىكىمىزنىڭ –
ئىشىكىنى ئاچقان ئىدى ھەۋەسكە.
ئۈستىگە چىقىشنى ئويلىساق، ئاتام:
«شەيتان ئازدۇردىمۇ!» دەيتتى ھەر كۈنى.
كەلگەن سادالارنى غەمكىن تىڭشىساق،
سۆزلەيتتى: «بۇ سادا جىنلارنىڭ ئۈنى.»
ئاسمانغا باقاتتۇق، ئاسماننىڭ چېتى
تاغدىن ھالقىغاندەك چۈشەتتى كۆزگە.
«تاغ ئۇزۇنمۇ، ئاسمان كەڭرىمۇ؟» دېسەك،
پەرۋاسىز قارايتتى ئۇلار بۇ سۆزگە.
كېچىسى كۈمۈش رەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلار،
تاغنىڭ ئارقىسىغا ئاقاتتى سىرغىپ.
شامالدا لەيلىگەن ئاپئاق بۇلۇتلار،
كېيىكتەك بىر پەستە كېتەتتى ئىرغىپ.

بەزىدە قۇشلارنىڭ كۆكتە پەرۋازى،
ئۇچاتتى داۋانلار ئۈستىدە لەرزان.
بىز خۇددى قاناتلار بوغۇلغان كەبى،
قارىشىپ قالاتتۇق ئۇڭا پەرىشان.
ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن بولساڭ، بىلىسەن ــ
يەتتە قات ئاسماندىن سۆزلەيتتى چوڭلار.
«ئون سەككىز مىڭ ئالەم» دېيىشىپ بەزەن،
«ھېسابسىز تاغ بار» دەپ سۆزلەيتتى ئۇلار.
ئەجابا، خىيالى دەرۋازا قاققان ــ
تاغ، ئاسمان، ئالەمدىن قورققانمۇ ئۆزى.
يا راستمۇ «ئۈستۈڭدە پەقەت بىر ئاسمان،
ئالدىڭدا بىر تاغ» دەپ سۆزلىگەن سۆزى.
يوق بولسا، بارلىقىن قىلايلى ئىسپات ــ
دېسەك ئۇنچىقمايتتى ئاتىلار پەقەت.
بار بولسا كۆرەيلى چەكسەكمۇ ئازاب ــ
دېسەك، ئارزۇلارنى قىلار ئىدى رەت.
بۇ«تەقدىر چاقچىقى ۋە ياكى قۇللۇق؟»
كېچىلەر زېمىندىن سورايتتۇق سوئال.
بەزىدە ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ،
ئېزگۈ خىيالاردىن بولاتتۇق مالال.
شۇ چاغدا: «بەس ئەمدى، نېيتىڭدىن يان،

ئاسمان بىر، تاغ بىر دەپ ياشاۋېرەيلى،
قىلمىغىن ئۆزۈڭنى، - دەيتتىڭ، - ئاۋارە. »
لېكىن زادى بارمۇ يەنە بىرەر تاغ،
ئون سەككىز مىڭ ئالەم، يەتتە قات ئاسمان؟
دېگەنلەر يۈرەكنى قىلاتتى پارە. . .
سەن قالدىڭ، ئاقمۇەت كۈمۈش لاچىندا،
مەن كەتتىم زەڭگەر رەڭ ئاسماننى قوچۇپ.
مېنى قارشى ئېلىپ يۇلتۇز، قۇياش، ئاي
ئالدىمغا بىرمۇبىر كېلىشتى ئۇچۇپ.
شۇ تاپتا ئوق ئىدىم، بەلكى ئوت ئىدىم،
شوڭغۇپلا كىرەر ئىدىم كۆكنىڭ قەرىگە.
يەتتە قاتلا ئەمەس، يەتمىش قات ئاسمان -
ئىچىدە چۆمەتتىم ئۈمىد بەھرىگە،
ھەر قەۋەت ئاسماندا ئۆزگە بىر دۇنيا،
ياشلىق ئارمىنىمغا قوشاتتى ياشلىق.
كۆلگەندەك بولۇشۇپ ئۇلار ھالىمغا،
سورايتتى يۈرتۇمنى « بوستانمۇ، تاشلىق؟ »
ھەر قەۋەت بىر ئارزۇ ئىدى دىلىمدا
ھەر قەۋەتنىڭ بۆلەك مېھرى، ناۋاسى.
گاھى ھۆرى يەڭلىغ، گاھى پەرىشتە
ئۇندا ياشاۋاتقان قىزلار سىماسى.
لاچىن روجىكىدىن سەكرىدىم پەسكە،
قورقما دەپ قۇچاققا ئېلىشتى تاغلار.

قامال بولغاچقا بىز بىر چاغ قەپەسكە،
جەننەتتەك كۆرۈندى بۇندىكى باغلار.
قوينىدا زاۋۇت - كان، شەھەرلەر كۆركەم،
بىنالار تاقاشقان ئاسمان - پەلەككە.
ئۇندا قىرىنداشلار دەس تۇرۇپ نەكەم
يۈكسەك غايىلەرنى پۈككەن يۈرەككە.
بىز بىر چاغ ئاڭلىغان مەۋھۇم سادالار،
ئاتام تىلىدىكى «جىنلار ئاۋازى».
ئەمدى قۇلاق سالسام دىلنى يايرىتار،
ئىكەن ئۇ كەلگۈنىڭ، زەپەرنىڭ سازى.
بۇ تاغلار، بۇ ئاسمان بىر - بىرىدىن ئۈز
بىرىدىن بىرىنىڭ ھۆسنى باشقىچە.
دەپ قالدىم: ئاتىمىز بۇرنى ئاستىنى -
كۆرۈپلا كەپتىكەن مۇشۇ ياشقىچە.
يا ئەگەر بىلسىمۇ ئالەم سىرىنى
بىزلەردىن ئەندىشە قىلغانمىكىنتاڭ؟
ۋە لېكىن گۇۋاھدۇر تارىخنىڭ بېتى:
ئەۋلاد ئاتىلاردىن ئەقىللىق ھامان.
«ھەممە يەر ياشناپتۇ بەختكە تولۇپ،
ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ ئۇ مەھەللىمىزنى» -
دېسەم بەخت ئېيتتى: «مەن باتۇرغا ئامراق. . .»
بىلدىڭمۇ ئۇ قورققاق دېمەكتە بىزنى.
بۇ ئاسمان، بۇ تاغلار قوزغىدى مەندە

www.uyghurkitap.com

ئەجەب بىر ۋەسۋەسە، ئەجەب ھاياجان.
بىراق مەن شۇ تاپتا باشقا بىر غەمدە،
ئىستىكىم: يۇرتۇمغا تاپماقچى ئىمكان.
ئىمكان يۈرەكتە ئىكەن، غۇرۇردا ئىكەن،
قايتىمەن كۈت مېنى، كۆزۈمنى ئېچىپ.
مەھەللىمىزدىكى تاغدىن، ئاسماندىن –
كەتمەيمەن جاپاسىز جايلارغا قېچىپ. . .

يەنلا ئۇستۇڭدە پەقەت بىر ئاسمان،
ئالدىڭدا بىر تاغ دەپ بەزلىمە مېنى.
ئاسماننىڭ ئۈستىدە ئاسمان بار ئىكەن،
تاغلارنىڭ كەينىدە تاغلار بار ئىكەن،
بۇ نۆۋەت سەپەرگە بىللە ئاتلىنىپ،
بىر ھەيران قالدۇرسام بوپتىكەن سېنى.

## مەن دولقۇن ياساپ. . .

بولدى، كۆرمەي قوياي، دوناي دەرياسى
كونگو، ئامازونكا قىرغاقلىرىدا
ئۇنىڭ ھەيۋە بىلەن سەكرەپ - ئويناقشىپ
ئوكيانلار قوينىغا تۆكۈلگىنىنى.
ئېھتىمال سۇزۇك سۇ، يېشىل دولقۇنلار
كۆز يەتمەس ۋە ئەبجەش ماكان ئىچىدە
شورلىشىپ، ئىچكۈسىز ھالەتكە كېلىپ

ھېس قىلغاندۇر قەددى پۈكۈلگىنىنى.
چاڭجىياڭ، خۇاڭخېلارمۇ گۈزەل پەقەتلا
قىيالارنى سۆيۈپ ئېقىشنى بىلەن.
ئۇ ئەزىز: سۆيۈملۈك قىپىق ئۇستىدە
ئۇچقۇن يېرىپ ماڭغان ئەزىمەتلەرگە
قول قويۇپ جىلۋىلىك بېقىشنى بىلەن.
قاچانكى سۇلىرى تونۇش ساھىلدىن ـ
نېرىغا كەتكەندە ئايرىيدۇ كىملەر
قايسى سۇ، قايسى دەريا سۈيى ئىكىنىن.
بۇ سۇلار ھاياتى قىممەتلىك، ئەگەر
ئانا زېمىن ھۆسنىگە قوشۇپ ھۆسنىلەر
تاشسا، كۆۋەجىسە، ئاقسا بىتىنىم.
دېمەككى دەريالار ئۆزى تۇغۇلغان
ئۇنى مەۋج ئۇردۇرغان جايلاردا ئۇلۇغ.
ئوكيانلار ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەن بىلەن
ئۇنىڭدا دەرياچە ئۇلۇغۋارلىق يوق.
شۇ سەۋەب قارايمەن تارىمغا ئۇنى
يۈرەك قانلىرىمغا قىياس قىلىمەن.
ئۇنىڭ ئۆز دىيارىدىن ئايرىلماي كۈن ـ تۈن
چاپچىپ ئېقىشىغا ئىخلاس قىلىمەن.
مەن دولقۇن ياساپ ئۆمرۈم يولىدىن
ئانا يۇرت كۆكسىگە سىڭىمكىم ئەلا.

ئەگەر ئوكيانلارنىڭ قوينىغا كىرسەم
تارىم دەپ ئات قويالماس ھېچكىملەر ماڭا.

## جاھاننەما ئەينىكىم

پەرھادنىڭ جاھاننەما ئەينەك بىلەن
ئەڭ ئاۋۋال كۆرگىنى تۇغۇلغان ماكان
ئۇندىكى بوستانلار، تاغلار - دالالار.
ۋە لېكىن كۆڭلىنى قىلالمىدى رام
قان بىلەن ياشقا لىق مېھنەتتى ھايات
پەلەكنىڭ گەردىشى، دەردۇ بالالار.
قاچانكى ئەينەكتىن كۆردى بىر گۈزەل
شامالدا كۆتۈرۈلۈپ يۈزدىن رومالى.
مەسۇمە قەلب ئىچرە تۇتاشتى يالقۇن
ئەقلىنى لال قىلدى شېرىن جامالى.
ھەۋەس غالىب كەلدى يۇرتنىڭ مېھرىدىن
رۇخساردا زەھەر بولدى، شېرىندىن ئۆزگە.
ئۇنىڭغا جان بەرگەن تۇپراق نالىسى
پەقەت كەلتۈرەلمىدى ۋىجداننى سۆزگە.
نەتىجە شۇ بولدى: سۇمباتلىق ئوغۇل
كەچتى ئاتا - ئانىدىن، كەچتى ۋەتەندىن.
نام - شۆھرەت ۋە تەختكە باقمىدى قىيا
ئەكسىچە بىر غايىب نازىنىن ئۈچۈن

چەتلەردە تەرك قىلدى جېنىنى تەندىن.
بۇ دەل شاھانىلەرنىڭ سۆيگۈسى ھەيھات،
لېكىن ئالمىدىم ئۇندىن سۆيگۈگە ئەنداز.
تەقدىردە تەلۋىلەرچە چەكمىدىم پەرياد،
بەرمىدىم كۆڭۈلگە بۇ يوسۇن پەرداز.
گەر پەرھاد ئەينەكنى ئالغان شۇ مىنۇت
ئانا يەر ئاھىغا تۆكسە ئىدى ياش.
قاشتېشى بويىدىكى كۇرمىڭ شېرىنلار
بولماستى ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك يولداش؟
ئەپسۇس، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىسال كېمىسىن
ھەيدەپ كەتتى يوچۇن مەملىكەتلەرگە.
بىلمىدى ئۆزىگە سۈت بەرگەن زېمىن
سۆيگۈ بېرەلىشىنى پەرزەنتلىرىگە.
شۇ ۋەجىدىن جاھانىما چەكتى ئىزتىراپ
ئىنسانغا ئىككىنچى بولمىدى پەيدا.
دېدى مەن دەرس بەرسەم ئۇڭا ۋاپادىن
نېتەي ئۇ ۋاپاسىز باشقىغا شەيدا.
مەن شاھلار ئەۋلادى بولمىغاچ بوۋام
بىساتىدىن چىقمىدى مۇنداق مۆجىزە،
ئەمما مەن غۇرۇرلۇق جوڭخۇا ئۆسمۈرى
ئىدىم، شۇڭا ئۇلۇغ ئەجداد تارىخى
تەڭسىز جاھانىما بولدى كۆزۈمگە .
ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى تومەنىمىڭ داستان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شان، نومۇس، مۇسىبەت، يېڭىش - يېڭىلىش.
تاغ - دەريا، جەزىرە، ساپ تەر، قىزىق قان
گۈل باھار، كۆركەم ياز، سېخىي كۈز ۋە قىش
ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى ئانام قايغۇسى
زار ئۆتمۈش، قانلىق داغ، جەڭگى - جېدەللەر
ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى ئانام ئارزۇسى
ياۋغا تىغ سانجىلغان، جەڭدە يۈرگەنلەر. . .
ئۇ ماڭا ئۆگەتتى سۆيۈشنى مۇدام
سۆيدۈم ۋەتەننى ھەم ئۇندىن سۆيۈلدۈم.
ئۇ ئەرمەن قىزىدىن ھەسسە گۈزەللەر -
بىلەن شامۇ سەھەر ھەمنەپەس يۈردۈم.
ھېلىھەم ئۇنىڭغا قارايمەن ھەر تاڭ
ماڭا مەھلىيا بولغان شېرىنلار سانسىز.
بەزىدە لاپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ
ۋىناستەك شەھلا كۆز، جانان تەڭداشسىز.
شۇندا ھەم يەركەنتنىڭ سۆيۈملۈك قىزى —
سەنئەتنىڭ ھامىيسى ئالدىدا پۈچەك.
نۇزۇكنىڭ دار ئالدىدىكى قەيسەر چىرايى
قەلبىم بوستانىدا تۇزۇماس چېچەك.
شۇندىمۇ قىزىلنىڭ ئەللەيلىرىنى
ئاڭلاپ ئۇخلاپ ياتقان رابىيە ئەلا.
شۇندىمۇ رىزۋاننىڭ جاسارىتىنى
تاج قىلسام ئەرزىيدۇ ئاق باش بوغداغا. .

ئاھ مېنىڭ جاھانىنەمام ـ تارىخ ئەينىكىم
مېنى ياتقا بەرمىدىڭ، ئەپسۇس يېمەيمەن.
سەن ماڭا سۆيدۈردۈڭ ئەزىز يۇرتۇمنى
سۆيگىنىمگە زىنھار پۇشمان دېمەيمەن.

## قەرزىم مېنى ...

مېنى ئىشقا بالدۇر كەتتى دېمىگىن،
يېنىڭدا ئولتۇرۇشقا قىستىمىغىن ھەم.
قايتىپ كەلگىنىمدە بىر پىيالە چاي
قۇيساڭ شۇ كۇپايە ئۇندىن باشقىغا
سېنى ئاۋارە قىلماس بولدى ئىرادەم.
ئىشىكنى يېپىۋەت، ھاردۇقىڭنى ئال،
مەيلى تاماق سوۋۇپ قالسىمۇ بىر دەم.
باللار يان ئۆيدە تەكرارلىسۇن دەرس
ئەگەر ساق تۆت سائەت چىقمىسام سىرتقا
ئالجىپ قالدىمۇ دەپ يېمە زىنھار غەم.
تاراق ـ تۇرۇق قىلما، ھېچكىم كىرمىسۇن
مەن يازاي، مەن كۆرەي ئىشتىياق بىلەن.
خورسىنما، بوسۇغا تۇۋىدە تۇرۇپ ـ
ئانام ئالايسىمۇ قىلمىغىن پىسەنت.
ساق ئون يىل جىن بولۇپ ئادەم سىياقى
قوشتىن بوشىمىدىم، ئوبدان بىلىسەن.

ئەقلىمنى مەردىلەر قىلغاندا قامال
سۆزلىگەن ئىدىڭغۇ، كەتتى باھارىڭ-
قېرىغان چېغىڭدا نېمە قىلىسەن؟
شۇ سەۋەب ئامرىقىم، ئۆتكەن مىنۇتنى
قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئالمىقىم لازىم.
مەن يىللار يولىغا يالۋۇرمايمەن ھېچ
لېكىن يالقۇنۇم بىلەن، مېھنىتىم بىلەن
قىلدۇرىمەن يىلنى ئىجادقا تەزىم.
بىر كۈندە ئۈچ كۈندەك ياشىسام ئەگەر
يەنە ئون يىل ئۆمرۈم ئۆتتۇز يىلغا تەڭ.
نە ئەجەب چاچلىرىم بالدۇر ئاقارسا
شادلىقىم ئۈنىڭدىن ۋەتەن ياشارسا
ئەجرىمدىن ئانا يەر ئالسا قىزىل رەڭ.
مۇشۇنى چۈشەنسەڭ ماڭا تەسەللى
ئىشىكنى ئاچمىغىن، بەلگە بەرمىسەم.
مېنىڭ بارلىقىمدىن يوقلۇقىم ياخشى
ئەل بەرگەن جېنىمنى ئەلگە بەرمىسەم.
مەن ھاۋا، ئىچەر سۇ، يۈرەك قېنىمنى
مەن غايە، ئىجتىھات، بۈيۈك ئارزۇنى
ھەتتا سەن ئوقۇغان مۇشۇ شېئىرنىڭ
بېشىغا قويۇلغان ئاددىي ماۋزۇنى
ھايات بىر رەت دېگەن ھۆكۈمدىن تارتىپ
ھەممىنى - ھەممىنى ئالدىم ۋەتەندىن.

بۇلارنى ئېرىتىپ جىسمىم ئىچىدە
كېلەر ئەسىر ئۆچۈن تۆھپە ئورنىدا
چىقىرىپ بېرىمەن تىرىك بەدەندىن.
ئەلۋەتتە مۆكچەيگەن ئاجىز گەۋدىگە
شۇنچە قەرزنى ئارتىپ كەتمەك بەك نومۇس
دېمەك، قەرز ئۆندەيدۇ مېنى ياشاشقا.
دېمەك، قەرز ئۆندەيدۇ مېنى ئىجادتىن
ئۆمۈردىن ئۈزۈنراق بىنا ياساشقا.
شۇڭا ئەي گۈزىلىم، ئۆمۈر ھەمراھىم
خۇشالمەن بىردەملىك بولسامۇ خالىي.
كەل بىز قېرىتايلى يىللارنى بىرگە
بىزنى قېرىتىشقا يوق يىلنىڭ ئامالى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىككى شېئىر

ياسىنجان ئەمەت

### قېيىق بارار لەرزان ئۈزۈپ

پالاق ئۇرسام بىمالال
قېيىق بارار تەۋرىنىپ.
جانان قولىدا،
سايە تاشلار رەڭدار كۈنلۈك،
نىگاھلىرى پارلايدۇ،
نىلۇپەردەك ئېچىلىپ،
قوشۇلغان سايىمىز
كېتىدۇ زەڭگەر دولقۇندا.

### قۇياش ئوربىتىسى

بىز ئايلىنىمىز قۇياشنى ئەگىشىپ،
قۇياش ئايلىنىدۇ بىزنى ھەم.
قۇياش بىزنىڭ ئوربىتىمىز،
بىز قۇياش ئوربىتىسى.

بىز تۆرەلگەندە زېمىنغا،
تاتلىق يىغا ھەم ئاچچىق كۈلكىمىزنى
ئوغرىلاپ كەتكەن پەسىللەر،
تاپالمايمىز ئۆز - ئۆزىمىزدىن،
ئۇنتۇلۇپ كەتكەچ،
بىز بىلىدىغان
قىزىق - قىزىق چۆچەكلەر،
جىق - جىق نەرسىلەر.

يېڭىلىق تويۇلمايدۇ ھېچ
قارا چىراغنىڭ تۈۋىدە
بوۋىلار ئېيتقان ئاخشامقى
جەڭنامە ھەم سىرلىق رىۋايەتلەر،
چۈنكى بىز قۇياش بالىلىرى.
يۈزلىنىپ،
سۇغۇرۇلۇپ چىققان ئۇياتچان قۇياشقا،
يېڭى ناخشا باشلايمىز،
ۋە كېتىمىز،
ئۆز - ئۆزىمىزدىن سۆيۈنۈپ.
ئاخشام ئېچكەن لالىدەك مەيىنىڭ
سالقىن پۇرىقى
كېتىدۇ قۇياش نۇرىدا يۇيۇلۇپ.
تام تۈۋىدە ئۇخلاپ قالغان،

تىترەڭگۈ جىسمىمىز،
تۇغۇم بولۇپ قۇياشقا،
يادلايدۇ تىنىماي،
ئۇنتۇلغان كۆپ زامان بۇرۇنقى،
قەدىم قوشاقلارنى توقۇپ.

ئايلىنىدۇ قۇياش بىزنى بويلاپ،
بىز نۇر چەمبىرىكى.
بولغاچقا بىز قۇياش بالىلىرى،
بىز قۇياش ئوربىتىسى.

# دوسكا ۋە قىز

## يالقۇن ئەزىزى

قاپقارا دوسكىغا تىكىلدىم ئۇزاق،
دوسكىدىن چىقماقتا بىر گۈزەل قىزچاق.

چۈشەندىم ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى مەن،
قەلبىمنى بىر قېتىم مالتىلاپ بېقىپ.
سائەتنىڭ تىلىغا ئېسىلغان تېنىم،
جىمجىتلىق ئىچىگە چۈشمەكتە ئېقىپ.

قېپقالدى يىراقتا سۆپسۆزۈك كېچە،
مۇقەددەس، پاك شېرىن چۈشلەرنى تۇغۇپ.
شام نۇرى، شېئىر ۋە تۆت تامغا قاراپ،
ئۆزۈمنى بىر قېتىم باققانتىم بوغۇپ.

جىمجىتلىق ھەرىكەتنىڭ قالدۇقى ئەمەس،
ئۆزۈمنى سىزمىسام تاپىمەن تەسكىن.
كىمكىنە كېتىۋاتقان سايىنى سۆرەپ،
شەپەقنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ غەمكىن؟

دۇنيادا بارچە رەڭ يوقايدۇ بىر تۈن.
نېمىمۇ قىلىمەن كۆڭلۈمنى بۇزۇپ؟
كېچىنىڭ باش سۆڭىكى ئاپئاق تولۇن ئاي،
چۈشمەكتە ئۈن - تىنسىز سىنىپقا تۇزۇپ.

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: خەلچەم ئابلىمىت
ھەبىبۇللا ئېلى
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: نىياز كېرىم شەرقىي

# قەشقەردىكى يەر شارى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10.875 قىستۇرما ۋارىقى: 4
2000 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىلى 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
ISBN 7—228—05521—7/I.2079
باھاسى: 22.00 يۈەن



ISBN 7-228-05521-7
9 787228 055210 >

BN 7-228-05521-7
079(民文)定价:22.00元